ھۈنەر - تېخنىكا ئۆگىنىش رىسالىسى

# موزدوزلۇق



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ھۈنەر-تېخنىكا ئۆگىنىش رىسالىسى

# موزدوزلۇق

تۈزگۈچى: پەتتارجان مۇھەممەت ئەرقۇت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

鞋匠工艺技能:维吾尔文/帕塔尔江·买买提编. —乌鲁木齐:新疆人民出版社, 2007.8
(技术技能丛书)
ISBN 978-7-228-11123-7

Ⅰ.鞋… Ⅱ.帕… Ⅲ.制鞋—基本知识—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. TS943.6

中国版本图书馆 CIP 数据核字 (2007) 第 123713 号

---

编　　者　帕塔尔江·买买提
责任编辑　帕丽达·依明
责任校对　热娜古丽·阿不力米提
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
电　　话　0991-2827472
邮政编码　830001
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆一龙印刷有限公司
开　　本　880×1230　1/32
印　　张　3.125
版　　次　2007 年 11 月第 1 版
印　　次　2007 年 11 月第 1 次印刷
印　　数　1-5000 册
定　　价　10.50 元





# نەشرىياتتىن

« يېزىلار، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار » خىزمىتى ۋە « سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش » خىزمىتى پارتىيىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردىكى مۇھىم خىزمەتلىرىنىڭ بىرى. ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ خىزمەتنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا ماسلىشىپ، كەسپىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن قوللاش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ باشقا كەسپلەرگە يۆتكىلىشىنى تېزلىتىش، شەھەرلەردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئۈزلۈكسىز تەربىيىلەش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەمدەم بولۇش مەقسىتىدە بىز يېمەك ـ ئىچمەك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، مېۋە ـ كۆكتات ساقلاش ۋە قۇرۇتۇش، دۇكاندارچىلىق، مۇلازىمەتچىلىك، ئۆي ۋە ھويلا ـ ئاراملارنى لايىھىلەش، پاكىز ئېنېرگىيىلەردىن پايدىلىنىش، يېزىلاردىكى يەر ھۆددىگەرلىكى، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش، ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى، تۇرمۇش ساۋاتلىرى، قوش تىل ئۆگىنىش قاتارلىقلارغا ئائىت يۈرۈشلۈك كىتابلارنى تۈزدۈرۈپ ۋە بىر قىسىملىرىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ نەشر قىلدۇق.

بۇ كىتابلارنى تۈزۈشتە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئاساسىي مۇددىئا قىلىندى؛ يېزىلارنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۇرمۇشىنى باياشات قىلىش نىشان قىلىندى؛ پەن ـ تېخنىكىنى « دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق كەسپلىرىگە، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا، دېھقان ـ چارۋىچىلارغا يېقىنلاشتۇرۇش » مەقسەت قىلىندى.



بىز بۇ كىتابلارنى ھەم يېزىقى بار، ھەم رەسىمى بار قىلىپ تۈزۈپ، دېھقان - چارۋىچىلار چۈشىنەلەيدىغان، ئۆگىنەلەيدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان قىلىپ چىقىرىشقا تىرىشتۇق، شۇنداقلا ئىلمىيلىكىگە، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقىغا كاپالەتلىك قىلدۇق. بىز بۇ كىتابلىرىمىزنىڭ دېھقان - چارۋىچىلارنى، بىر قىسىم ئىش كۈتۈپ تۇرغانلارنى، كەسپىي مائارىپ بويىچە تەربىيىلەنگۈچىلەرنى يېڭى تېخنىكا، يېڭى بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرالايدىغانلىقىغا، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىشىغا ئەقلىي كۈچ ئاتا قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

بۇ يۈرۈشلۈك كىتابلارنى تۈزدۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ نوپۇزلۇق خادىملىرى جەلپ قىلىنغان بولسىمۇ، بىرىنچىدىن، ۋاقىتنىڭ ئالدىراشلىقى؛ ئىككىنچىدىن، بۇ ساھەدىكى كىتابلارنى تۈزۈشتىكى تەجرىبىمىزنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن يا ئۇنداق، يا مۇنداق يېتەرسىزلىك، سەۋەنلىك، ھەتتا خاتالىقلارغىمۇ يول قويغان بولۇشىمىز مۇمكىن. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ۋە قىممەتلىك پىكىر - تەكلىپلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.





## كىرىش سۆز

پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر كۈنسېرى كۆپىيىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا زور ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە تۇرمۇش سۈپىتى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، مۇشۇنىڭغا ماس ھالدا كىشىلەرنىڭ ئاياغقا قويىدىغان تەلىپىمۇ يۇقىرىلاپ، زامانغا لايىق ۋە ئىقتىدارى تولۇق ئاياغلار ئىستېمالچىلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغايدىغان بولدى.

دۇنيا ئىقتىسادىي ئەندىزىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن، ئەمگەك سىجىللىقى يۇقىرى كەسىپلەر ئاسىيا دۆلەتلىرىگە مەركەزلەشمەكتە. دۆلىتىمىز ئۆزىنىڭ مول خام ماتېرىيال بايلىقىغا تايىنىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاياغ ئىشلەپچىقىرىش كەسپىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۇنيانىڭ ئاياغ ئىشلەپچىقىرىش مەركىزىگە ئايلاندى. دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئاياغچىلىق كارخانىلىرى بەس ـ بەستە ئېلىمىزدە زاۋۇت قۇرماقتا. بۇ كارخانىلار زور تۈركۈمدە ئاياغ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى بار ئىشچىلارغا ئېھتىياجلىق بولماقتا.

مەزكۇر كىتابتا، ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنىۋى موزدۇزلۇقنىڭ تارىخى، موزدۇزلۇقتا بۇرۇن ئىشلىتىلگەن قورال ـ سايمانلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغاندىن باشقا، يەنە موزدۇزلۇقتا ئىگىلەشكە تېگىشلىك ئاساسىي بىلىملەر، يەنى ئاياغ كىيىمنىڭ تۈرلىرى، ئاياغنىڭ ئاساسىي بۆلەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نامى، ئاياغ ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر ـ سەنئىتى، ئاياغ ئىشلەپچىقىرىشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار، كېسىش ۋە تىكىش بىلىملىرى، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر تونۇشتۇرۇلدى. كۆرۈش ۋە چۈشىنىشكە



ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئالاقىدار سۈرەت، سىخېمىلار كىرگۈزۈلدى.

مەزكۇر كىتابنى پىلانلاش، تۈزۈش ۋاقتى بىر قەدەر قىس بولغانلىقى ئۈچۈن، كىتابتا بەلكىم بەزى يېتەرسىزلىكلەر، سەۋەنلىكلەر ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋە كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ تۈزىتىپ، تولۇقلاپ كېتىشىگە ئىشىنىمىز.

مەزكۇر كىتابنى تۈزۈشتە ھەمكارلاشقان توقسۇن ناھىيە ھەببۇللا غوپۇر ھاجىم « قىزىل يۇلتۇز » ئاياغ كىيىم كارخانىسىغا ۋە كىتابتىكى بىر قىسىم فوتو سۈرەتلەرنى تارتىپ بەرگەن سابىرجان سېيىتقا رەھمەت ئېيتىمىز.

بۇ كىتابتىكى موزدۇزلۇقتا ئىشلىتىلىدىغان بىر قىسىم سايمانلارنىڭ ناملىرىنى ئېنىقلاشتا «چىن ماچىن» ئاياغ تىكىش دۇكىنىنىڭ خوجايىنى مەمەتجان ئۇستام يېقىندىن ياردەمدە بولدى، ئۇنىڭغىمۇ رەھمەت ئېيتىمىز.

## مۇندەرىجە


مۇزدۇزلۇقنىڭ تارىخى ھەققىدە ........................ 1
ئاياغ كىيىمنىڭ تۈرلىرى ........................ 7
1. ئىشلىتىش ئورنىغا قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى .......... 7
1) ئادەتتىكى ئاياغلار ........................ 7
2) ھەربىيچە ئاياغلار ........................ 9
3) تەنھەرىكەت ئاياغلىرى ........................ 10
4) ئەمگەك ئاياغلىرى ........................ 10
5) ئارتىسلار ئاياغلىرى ........................ 11
2. ھۈنەر - سەنئەتكە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى .......... 11
1) تىكمە ئاياغ ........................ 11
2) يەملىمە ئاياغ ........................ 11
3) قېلىپلىق ئاياغ ........................ 12
4) قۇيما ئاياغ ........................ 12
ئاياغنىڭ ئاساسي قۇرۇلمىسى ........................ 13
1. خۇرۇم ئاياغنىڭ قۇرۇلمىسى ........................ 13
1) ئاياغنىڭ ئورنى ........................ 14
2) ئاياغنىڭ بۆلەكلىرى ........................ 15
ئاياغ ماتېرىياللىرى ........................ 18
1. ئاياغ باشلىقى ماتېرىياللىرى ........................ 18
1) ئاياغ رەختىگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر ........................ 19
2) كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئاياغ رەختلىرى ........................ 21
3) ئاياغقا ئىشلىتىلىدىغان توقۇلما بۇيۇملار ........................ 22
2. ئاياغ چەمىنىڭ ماتېرىياللىرى ........................ 23
1) تەبىئىي چەم ........................ 23




2) رېزىنكە (كاۋچوك) چەم ........ 24

3) سۇلياۋ چەم ........ 25

4) سۇنئىي چەم ........ 25

3. ئاياغچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يېلىملەر ........ 25

4. موزدۇزلۇق لازىمەتلىكلىرى ........ 28

1) ئاياغ تىكىش يىپى ........ 28

2) تىكىش يىپىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ........ 33

3) توقۇلما ماتېرىياللار ........ 31

موزدۇزلۇق قوراللىرى ........ 32

ئاياغ باشلىقىنى كېسىش ۋە تىكىش ........ 40

1. كېسىش ـ پىچىش قوراللىرى ........ 40

2. كېسىمچىلىك ئىش تەرتىپى ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت تەلىپى ... 41

3. كېسىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش پرىنسىپى ........ 43

1) ئاۋۋال ئاساسلىقلىرىنى، ئاندىن قوشۇمچىلىرىنى كېسىش ..... 44

2) ئاۋۋال چوڭلىرىنى، ئاندىن كىچىكلىرىنى كېسىش ...... 45

3) ياخشىسى بىلەن ناچارلىرىنى ماسلاشتۇرۇش ........ 45

4) زەخمىلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ........ 46

5) مۇۋاپىق كىرىشتۈرۈپ سىزىش ........ 48

6) باشقۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ........ 51

4. سەرپىيات نورمىسىنى بېكىتىش ئۇسۇلى ........ 52

1) سەرپىيات نورمىسىنى بېكىتىشنىڭ ئەھمىيىتى ........ 52

2) سەرپىيات نورمىسىنى بېكىتىش ئۇسۇلى ........ 52

3) زايە بولۇش نىسبىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ... 55

5. ئاياغ باشلىقىنى تىكىش ........ 57

1) تىكىش ماشىنىلىرى ........ 57

2) باشلىق تىكىشتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان باشقا ئۈسكۈنىلەر ....... 58

ئاياغ تىكىش ھۈنەر ـ سەنئەت تەرتىپى ........ 61

ياماقچىلىق ........ 74

قوشۇمچە موزدۇزلۇقتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇلار ........ 84

# موزدۇزلۇقنىڭ تارىخى ھەققىدە

ئاسىيانىڭ قۇرغاق ھاۋا شارائىتىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئىنتايىن جاپالىق بولغان ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئات، كالا، تۆگە، قوتاز، قوي قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىشنى بىلگەن. يەنى ئۇلارنىڭ گۆشىنى پىشۇرۇپ يەپ، تېرىسىدىن ئاياغ كىيىمى ئىشلەشنى ئىجاد قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، يالاڭ ئاياغ يۈرگەندىن ئاياغ كىيىمى كىيىۋالسا بىخەتەر بولىدىغانلىقىنى، پۇتنى مۇداپىئە قىلىپ، زەخىملىنىش، يارىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن. ئۇيغۇر خەلقىدە موزدۇزلۇق كەسپىنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى بىزگە ئايان ئەمەس. بىراق، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىن تېپىلغان ئۆتۈك ئەۋرىشكىلىرىگە ۋە بەزى تارىخي ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر موزدۇزچىلىقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى مەلۇم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئىپتىدائىي قەبرە، يادىكارلىقلار، دەريا ۋادىلىرى ۋە شەھەر، قەلئە خارابىلىرىدىن نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن بىللە بىر قىسىم ئۆتۈك (بۇلارنىڭ بەزىسى خام تېرىدىن، بەزىسى ئىپتىدائىي چەم، كۆن ـ خۇرۇملاردىن ئىشلەنگەن) ئەۋرىشكىلىرى تېپىلغان. مەسىلەن، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان پىچان ناھىيىسى سۇبېشى ئىككىنچى نومۇرلۇق قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان جەسەتلەر ئاجايىپ ياخشى ساقلانغان بولۇپ، جەسەتلەرنىڭ ئۇستىۋېشىغا بىر قۇر تون، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيگۈزۈل-



گەن، ئۆتۈك قونچىلىرى ناھايىتى ئۇزۇن، بەزىلىرى يوغان يوتىغىچە كېلىدۇ، بەزىلىرى يېرىقىقچە كېلىدۇ. جەسەتكە كىيگۈزۈلگەن تون پۈتۈنلەي يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن، باش كىيىمى ( بۆكى ) تون بىلەن بىرگە چېتىپ تىكەۋېتىلگەن. جەسەتلەرگە كىيگۈزۈلگەن ئىچ كىيىملەر ئاساسەن يىپەك رەختتىن تىكىلگەن. بۇ جەسەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى زاماندىكى ئىقتىسادىي سەۋىيىسىنى، توقۇمىچىلىق (يۇڭ توقۇمىچىلىق ۋە يىپەك توقۇمىچىلىق ) ئىشلىرىنى، كۆن - خۇرۇم ئىشلەش تېخنىكىسى، ئاياغ كىيىم تىكىش تېخنىكىسىنى ئاجايىپ يۇقىرى سەۋىيىدە تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇر ئۆتۈكچىلىكى تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ مۇكەممەللىككە قاراپ يۈزلەنگەن. ئۆتۈكلەرنىڭ باشلىقى، قونچى، چەمى ۋە پاشنىلىرى مىس، تۆمۈر قاتارلىق مېتاللار بىلەن بىلەن قاپلىنىپ، قارشى تەرەپنىڭ يا ئوقى، نەيزە قاتارلىق ئۇرۇش قوراللىرىدىن مۇداپىئەلىنەلەيدىغان بولغان. ھەتتا كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۆتۈكلەر ئالتۇندىن قاپلىنىدىغان بولغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر ئۆتۈكلىرىنىڭ بارا - بارا تۇرى كۆپەيگەن ۋە خۇرۇم، چەم، كۆنلەردىن باشقا، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، كەندىر قاتارلىق ماتېرىياللاردىنمۇ قوشۇمچە پايدىلانغان. دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن موزدۇزلۇق كەسپىنى ئەنە شۇ نەچچە مىڭ يىللىق تەجرىبىنىڭ راۋاجى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياغ كىيىمى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئاساسەن قىشلىق ۋە يازلىق دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ خىلمۇخىل ئاياغ كىيىملىرى ئىچىدە ئۆتۈك ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۆتۈك ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتى. مىكو-





ۋىنىڭ « ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى » دېگەن كىتابىدا: « نىل ۋادىسى، ھىندى ۋادىسى، تىگرىس، يەفراس ۋادىسى ۋە خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىكى رايونلاردا ياشىغان قەدىمكى كىشىلەر ياغاچتا ئىشلەنگەن كەش كىيەتتى، تېرە ئۆتۈك كىيمەيتتى، ئۆتۈك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بولۇشى مۇمكىن » دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا موزدۇزلۇق قەدىمكى ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ـ كەسىپلىرى ئىچىدە ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان ۋە موزدۇزلۇق « موزدۇزغا پادىشاھ قىزىنى بېرىدۇ » غان ئەتىۋارلىق كەسىپ قاتارىدا دەۋر سۈرگەن. « موزدۇز » سۆزى ئىران تىللىرىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئۇ « موزا ـ ئۆتۈك »، « دۇز ـ تىكمەك » دېگەن ئىككى سۆزدىن تەشكىل تاپقان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا « ئۆتۈكچى » دېيىلگەن. ئۇيغۇر تىلىدا موزدۇزلۇق كەسپىگە ئائىت ئاتالغۇلارنىڭ سانى يۈزگە يېقىن ئىكەنلىكى مەلۇم. ئادەتتە ئۇيغۇر قول ھۈنەر ـ سەنئىتى كۆپرەك شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن. ئەمما، موزدۇزلۇق شەھەرلەردىن تاشقىرى يېزا ـ قىشلاقلارغىچە كەڭ تارقالغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا پۇتنى ئىسسىق ۋە نەمدىن خالىي، قۇرۇق تۇتۇشنى ساغلاملىقنىڭ مۇھىم ئاملى دەپ ھېسابلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئەر ـ ئاياللار دېگۈدەك ئۆيىدىن تالاغا چىقسىلا تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئۆتۈك ياكى مەسە ـ كالاچ، كېپىش كىيىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ كالىچى ئۆتۈك ياكى مەسىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ، كۆن ( بۇلغار ) ياكى خۇرۇمدىن مەخسۇس ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ناھايىتى ماسلاشقان. يەنى ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئۆيىگە گىلەم، شىرداق ياكى كىگىز سېلىپ، ئۈستىگە مېھمان كۆرپىسى سېلىپ قويىدۇ. ئۆيگە كىرگەن ھەر قانداق بىر كىشىنى ھۆرمەت بىلەن كۆرپە ئۈستىگە باشلايدۇ.



مېھمان كالاچ ياكى كېپىشنى سېلىۋېتىپ، پاكىز ئۆتۈك ياكى مەسە بىلەن ئولتۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئۆي ئىگىسىنىڭ كىگىز ـ كېچىكى بۇلغانمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ خىل كالاچ ئۆتۈك ياكى مەسىنى ئاسراش رولىنى ئوينايدۇ. ئادەتتە ياشلار مەسە ـ كالاچ كىيمەيدۇ. بۇنداق ئىسكىلاچ مەسىنى ياشانغان مويسىپىتلار قىش ـ ياز دېگۈدەك پۇتىدىن ئاجراتمايدۇ. ئۆتۈك ياكى مەسە كىيگەنلەرنىڭ ھەممىسى يۇمشاق ئاق ماتادا پۇتىغا پايتىما ئورايدۇ. بۇ خىل پايتىما پۇتنى نەملىكتىن ساقلاپ، پۇت تەرلەشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ياشلار ئادەتتە كالاچسىز ئۆتۈك كىيىدۇ. بۇ خىل ئۆتۈك نەپىس ۋە مەزمۇت تىكىلگەن بولۇپ، كۆپىنچە كالا خۇرۇمىدا تىكىلىدۇ. قونچى ئۇزۇن بولۇپ، تىزغا چىقىدۇ. رەڭگى قارا ياكى قىزىل بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ پاشنىسى ئېگىز (3 ـ 4 سانتىمېتىر)، بەزىلىرىنىڭ ئارا پاشنا (1 ـ 2 سانتىمېتىر) بولىدۇ. تۇمشۇقى بۆرەكچە ئارا پاشنىلىق ئۆتۈك خەلق تىلىدا «ئورۇسچە ئۆتۈك» دېيىلىدۇ. تۇمشۇقى يۇقىرىغا قاراپ تۇرىدىغان قوش تۇمشۇقلۇق ئۆتۈك «كافكازچە ئۆتۈك» دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر موزدوزلىرى ئۆتۈكنىڭ چەمنى چاپلىغاندا قىيىن مىخ قاقىدۇ ياكى مومىلانغان پىششىق يىپ بىلەن قوش بىغى قىلىپ تىكىدۇ. بەزى ئۆتۈكلەرنىڭ چەمى بىلەن پېتەكنىڭ ئارىسىغا غاچ ـ غاچ (غاچىلداق) قويىدۇ.

تاغلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئۆتۈك ئورنىدا چورۇق ئاساسلىق ئاياغ كىيىم ھېسابلىنىدۇ. چورۇق ھەم يەڭگىل ھەم چىداملىق بولۇپ، يول يۈرۈشكە ئەپلىك، بولۇپمۇ تاشلىق رايونلارنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ماسلاشقان. چورۇقنىڭ پاشنىسى بولمايدۇ، چەمى پىششىق ۋە قېلىن بولۇپ، ئات ياكى قوتاز، كالا تېرىلىرىدىن ئىشلىنىدۇ. قونچى ئەستەرسىز بولۇپ، ئۆزدىن چىقارغان رەڭلىك بويتاسما بىلەن چىگىپ قويۇلىدۇ. چورۇق نۇسخىسىدا ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن بوۋاق باللارنىڭ يەنە بىر خىل ئايىغى




بولۇپ، ئۇ « پوپۇچ » دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق پوپۇچ ناھايىتى يۇمشاق بولۇپ، يېڭى ئايىغى چىققان بوۋاقلارغا كىيدۈرۈلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يازلىق ئايىغى « سەندەل كەش » دېيىلىدۇ. سەندەل كەش نېپىز خۇرۇم ياكى شاۋرۇن ( ئۆچكە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن بىر خىل يۇمشاق خۇرۇم ) دىن ئىشلەنگەچكە، ناھايىتى يەڭگىل بولۇپ، ھازىرقى زاماننىڭ بەزى سېتكىلىق ( تۆشۈكلۈك ) ئاياغلىرىغا ئوخشىشىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەنئەنىۋى ئاياغ كىيىملىرىنى قاراخانىيلار دەۋرىدە خاتىرىگە ئېلىنغان ئاياغ كىيىم نۇسخىلىرى بىلەن سېلىشتۇرساق، ئاساسەن ئوخشاشلىق بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئالىم مەھمۇت قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » ناملىق ئەسىرىدە « ئوغۇق » سۆزىنى ئىزاھلاپ، « ئوغۇق ـــ ئۆتۈك ياكى مەسىنىڭ ئۈستىدىن كىيىلىدىغان تېرە پايپاق، يەختەردەكتە » دەيدۇ ( 1 ـ توم، 91 ـ بەت ). بۇ مەلۇمات بىزگە ئۆتۈك، مەسە ھەمدە يۇقىرىقى ئىككى خىل ئاساسلىق ئاياغ كىيىمنى ئاسراش ئۈچۈن ئىشلەنگەن تېرە پايپاق (ئەمەلىيەتتە كالاچ ) دىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئاياغ كىيىمنىڭ بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا « بۆكۈش » دەپ ئاتىلىدىغان ئايالچە ئۆتۈك، « سامدا » دەپ ئاتىلىدىغان يازلىق سەندەل كەش، « تىزلىق » دەپ ئاتىلىدىغان تېرىدىن ئىشلەنگەن چورۇق تونۇشتۇرۇلغان. شۇنداقلا يەنە « تىزىلدۇرۇك ـــ ئۆتۈكنىڭ تۇمشۇقىغا زىننەت ئۈچۈن تاقىلىدىغان تەڭگىلەر» ( 1 ـ توم، 686 ـ بەت ) دېگەن ئىزاھات ئۇچرايدۇ. بۇ مەلۇمات بىزگە ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ، ئۇيغۇرلار ئاياغ كىيىمدىن يالغۇز پۇتنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈنلا پايدىلانغان بولماستىن، بەلكى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.



ئۇيغۇر ئۆتۈكى بۈگۈنكى كۈندە يالغۇز ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، يەنە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ كەڭ ئومۇملاشماقتا، ھەتتا سەنئەت كىيىمى سۈپىتىدە جاھان سەھنىلىرىدە نامايان بولماقتا.

ھازىر جەمئىيەتنىڭ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، ئاياغ ئىشلەش تېخنىكىسى كۆپ يېڭىلىنىپ كەتتى. بۇ جەرياندا، ئۇيغۇر موزدۇزلۇقىمۇ ماس ھالدا يېڭى تېخنىكىلار بىلەن بېيىپ، ئەنئەنىۋى موزدۇزلۇق قورال - سايمانلىرى ئاستا - ئاستا ئىستېمالدىن قېلىۋاتىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ گۆھىرى ھېسابلىنىدىغان بۇ ئەتىۋارلىق ھۈنەرنىڭ ئەنئەنىۋى قورال - سايمانلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش موزدۇزلۇق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مېھنەتكەش ئۇستىلىرىمىزنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. بىز ئىلمىي تەرەققىيات قارشى ئارقىلىق مېڭىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، موزدۇزلۇق كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، قىممەتلىك ئەنئەنىلىرىمىزنى ساقلىشىمىز ۋە ئۇنى نۇرلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

« ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى »، ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار، شىنجاڭ ياشلار، ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىلى 8 - ئاي نەشرى

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، « قەدىمكى ئۇيغۇر ئۆتۈكچىلىكى »، شىنجاڭ گېزىتى، 1993 - يىلى 15 - ئىيۇندىكى سانى

ئابلىم قېيىم، « تۇرپان يادىكارلىقلىرى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىل نەشرى

# ئاياغ كىيىمنىڭ تۈرلىرى

ئاياغنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى نۇرغۇن بولۇپ، چوڭ جەھەتتە بەتىنكە ( خۇرۇم ئاياغ )، ئۆتۈك، مەسە قاتارلىق تۈرلەرگە ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ ئادەتتىكى ئاياغ، ھەربىيچە ئاياغ، تەنھەرىكەت ئايىغى قاتارلىق تۈرلەرگە، پەسىللەر بويىچە يازلىق ئاياغ، كۈزلۈك ئاياغ، قىشلىق ئاياغ قاتارلىق تۈرلەرگە، ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ لاتا ئاياغ، خۇرۇم ئاياغ، سۇلياۋ ئاياغ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

### 1 ) ئادەتتىكى ئاياغلار

بەتىنكە ( خۇرۇم ئاياغ ) ئادەتتە ئەرەنچە ئاياغ، ئايالچە ئاياغ، باللار ئايىغى قاتارلىق تۈرلەرگە؛ پەسىللەرگە قاراپ يازلىق ئاياغ، كۈزلۈك ئاياغ، قىشلىق ئاياغ قاتارلىق تۈرلەرگە؛ پاشنىسىنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكىگە قاراپ،



باللار ئايىغى ئايالچە ئاياغ ئەرەنچە ئاياغ



ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ، ئارا پاشنىلىق ئاياغ، پەس پاشنىلىق ئاياغ، تۈز پاشنىلىق ئاياغ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

ئاياغدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغانلىرى يازلىق ئاياغ دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئاياغنىڭ ئەستىرىگە ئىسسىق ساقلاش ئۈنۈمىگە ئىگە مويلۇق رەخت ئىشلىتىلگەن ئاياغلار قىشلىق ئاياغ دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆتۈك ئەرەنچە ئۆتۈك، ئايالچە ئۆتۈك دەپ ئايرىلىدۇ. پەسىللەرگە قاراپ ئايالچە كۈزلۈك ئۆتۈك، قىشلىق ئۆتۈك، ئەرەنچە ئۆتۈك، كۈزلۈك ئۆتۈك، قىشلىق ئۆتۈك دەپ؛ پاشنىسىنىڭ ئېگىز - پەسلىكىگە قاراپ ئېگىز پاشنىلىق ئۆتۈك، ئارا پاشنىلىق ئۆتۈك، پەس پاشنىلىق ئۆتۈك دەپ ئايرىلىدۇ.

مەسە تۈز مەسە، توغرا تۇمشۇق مەسە، بۇغداي تۇمشۇق مەسە، ئىسكىلاچ مەسە، ئەرەن-





ئەرەنچە يازلىق ئاياغ



ئايالچە يازلىق ئاياغ



ئايالچە ئۆتۈك



ئەرەنچە ئۆتۈك

چە مەسە، ئايالچە مەسە، ئۇزۇن قونچلۇق مەسە، كالتە قونچلۇق مەسە قاتار-
لىقلارغا بۆلۈنىدۇ.



كالتە قونچلۇق مەسە



ئۇزۇن قونچلۇق مەسە

## 2) ھەربىيچە ئاياغلار

ھەربىيچە ئاياغ تۈرلۈك ئارمىيىلەردە، ئوخشاش بولمىغان قىسىملاردا كوماندىر، جەڭچىلەر ۋە ساقچىلار كىيىدىغان، دۆلەت تەرىپىدىن تارقىتىلىدىغان خۇرۇم ئاياغلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئۇچقۇچىلار ئايىغى، سۇ ئاستى كېمىسى خادىملىرىنىڭ ئۆتۈكى، تانكىچىلار ئۆتۈكى، چېگرىنى قوغدىغۇچى جەڭچىلەرنىڭ چاڭغا تېيىلىش ئۆتۈكى ھەمدە ئوت ئۆچۈرۈش جەڭچىلىرى، خەلق ساقچىلىرى ۋە قاتناش ساقچىلىرىنىڭ ئۆتۈكى قاتارلىقلار.



ئۇچقۇچىلار ئايىغى



### 3 ) تەنھەرىكەت ئاياغلىرى


تەنھەرىكەت ئايىغى

تەنھەرىكەت ئايىغى بەدەن چېنىقتۇرۇشتا ياكى تۈرلۈك مۇسابىقىلەردە تەنھەرىكەتچىلەر كىيىدىغان ئاياغلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئىقتىدارىغا ئاساسەن، يۇقىرالار تەنھەرىكەت ئايىغى، مەخسۇس مەشىق ئايىغى، مەخسۇس تەنھەرىكەت ئايىغى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؛ ھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، توپ ئايىغى، يۈگۈرۈش ئايىغى، چاڭغا تېيىلىش ئايىغى، دالا تەنھەرىكىتى ئايىغى، سۇ ئۈستى ھەرىكىتى ئايىغى، ئالاھىدە تەنھەرىكەت ئايىغى قاتارلىق تۈرلەرگە؛ تەنھەرىكەت مەيدانىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، دالىدا كىيىلىدىغان ۋە يۈگۈرگەندە كىيىلىدىغان مەشىق ئايىغى، كىچىك توپ مەيدانلىرىدا كىيىلىدىغان مەخسۇس ئاياغ، چوڭ توپ مەيدانلىرىدا كىيىلىدىغان مەخسۇس ئاياغ، يېنىك ئاتلېتىكا ئايىغى، دالا ھەرىكىتى ئايىغى، قار - مۇز تەنھەرىكىتى ئايىغى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

### 4) ئەمگەك ئاياغلىرى

ئەمگەك ئاياغلىرى ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش، پەن تەتقىقات، قىدىرىپ تەكشۈرۈش قاتارلىق ئەمگەكلەردە كىيىلىدىغان خىزمەت ئاياغلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، پويىز ۋە ئاپتوموبىل شوپۇرلىرىنىڭ ئاياغلىرى، سېستىرالار ئايىغى، توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ ئايىغى،


ئەمگەك ئايىغى

زەخىملىنىشتىن، مايدىن، چىرىشتىن، رادىئاتسىيىدىن ساقلىنىش ئاياغلىرى، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشتە كىيىلىدىغان ئاياغ، ئالەم ئۇچقۇچىلىرى ئايىغى قاتارلىقلار.



ئۇسسۇل ئايىغى

### 5) ئارتىسلار ئاياغلىرى

ئارتىسلار ئاياغلىرى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى ئارتىسلار رول ئوينىغاندا كىيىدىغان ئاياغلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئۇسسۇل ئايىغى، باليېت ئايىغى دېگەندەك.

## 2. ھۈنەر ـ سەنئەتكە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

### 1) تىكمە ئاياغ

تىكمە ئاياغ باشلىقى بىلەن چەمى يىپ ئارقىلىق تىكىپ تۇتاشتۇرۇلغان ئاياغلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىلدىكى ئاياغلار قارىماققا قوپال، ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر ـ سەنئىتى بىر قەدەر قىيىن بولسىمۇ، لېكىن پۇختا، چىداملىق.



يەملىمە ئاياغ



## 2 ) يەملىمە ئاياغ

يەملىمە ئاياغ باشلىقى بىلەن چەمى يېلىم ئارقىلىق يەملىنىپ تۇتاشتۇرۇلغان ئاياغلارنى كۆرسىتىدۇ. يەملىمە ئاياغنىڭ چەمى كۆپ ھاللاردا قۇيما چەم بولۇپ، پاسونىنى ئالماشتۇرۇش ئاسان، پۈتكەن ئاياغ يەڭگىل، ئەپچىل، كۆركەم، ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر ـ سەنئىتى ئاددىي، ئەمگەك سىجىللىقى تۆۋەن بولۇپ، كەڭ كۆلەمدە سانائەتلەشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش ئاسان.





تىكمە ئاياغ

## 3 ) قېلىپلىق ئاياغ

قېلىپلىق ئاياغ كاۋچوكنىڭ ئىسسىقتا ئېرىش خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ، تەگ قېلىپقا گۈڭگۈرتلەشتۇرۇلمىگەن ئارىلاشما يېلىم قوشۇپ، ئىسسىقلىق ۋە بېسىم ئارقىلىق كاۋچوكنى گۈڭگۈرتلەشتۇرۇش ئارقىلىق باشلىقى بىلەن چەم چېتىلغان ئاياغنى كۆرسىتىدۇ. قېلىپلىق ئاياغ ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر ـ سەنئىتى ئاددىي، ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتى تېز، ئەمما چوڭ تىپتىكى مەخسۇس ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى بولمىسا بولمايدۇ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى سەرپىيات يۇقىرى، بۇلغىنىش زور، مەھسۇلاتنىڭ تۇراقلىقلىقى ۋە پاكىزلىق دەرىجىسى نىسبەتەن تۆۋەن بولۇپ، كۆپىنچە ئەمگەك ئاياغلىرى ۋە ھەربىيچە ئاياغلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلىدۇ.

## 4 ) قۇيما ئاياغ

قۇيما ئاياغ رېزىنكە، كاۋچۇك، سۇلياۋ قاتارلىق ماتېرىياللارنى ئېرىتىپ، ئېرىتمىنى تەگ قېلىپىنىڭ ئىچىگە قۇيۇش ئارقىلىق چەمنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىرگە، باشلىق بىلەن چەم چېتىلىدىغان ئاياغنى كۆرسىتىدۇ.



# ئاياغنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى

ئومۇمىي قۇرۇلما جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر قانداق ئاياغ ئاياغ باشلىقى ۋە ئاياغ چەمىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ. لېكىن ھەر خىل ئاياغلارنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. تۆۋەندە خۇرۇم ئاياغنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ تەشكىلىي قىسىملىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## 1. خۇرۇم ئاياغنىڭ قۇرۇلمىسى

خۇرۇم ئاياغ ئادەتتە ئاياغ باشلىقى، ئاياغ چەمى، ئاياغ پاشنىسى ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللاردىن ئىبارەت تۆت قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئاياغ باشلىقى، باشلىق تاشلىقى، قاتۇرما، ئەستەر قاتارلىقلاردىن؛ ئاياغ چەمى — پېتەك، ئىستەلكە، چەم قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئۇلار تۈرلۈك پارچە بۆلەكلەرنى قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق مەيدانغا كەلتۈرۈلىدۇ.

ئاياغنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرى ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئاساسەن تۈرگە ئايرىلىدۇ. مەسىلەن، ئالدى باشلىق، كەينى باشلىق، چەم قاتارلىقلار.

ھۈنەر - سەنئەت تەرتىپى ۋە تېخنىكا تەلىپى بويىچە، ھەر قايسى بۆلەكلەرنى قۇراشتۇرۇش جەريانى باشلىق قۇراشتۇرۇش جەريانى؛ باشلىق بىلەن چەم قىسمىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئاياغ ھالىتىگە كەلتۈرۈش جەريانى ئاياغ ئىش-




ئاياغنىڭ قۇرۇلمىسى

1. تۇمشۇق قاتۇرما؛ 2. ئالدى باشلىق؛ 3. باشلىق تىكىشى؛ 4. ئۈستى باشلىق؛ 5. تۇتۇش تىكىشى؛ 6. ئاياغ بوغقۇچى؛ 7. بوغقۇچ كۆزى؛ 8. ئاياغ تىلى؛ 9. پاشنا پېتىكى؛ 10. دەستەك ئەستىرى؛ 11. باستۇرۇق؛ 12. كەينى باشلىق ( دەستەك )؛ 13. ئاپقۇت قاتۇرما؛ 14. پاشنا يۈزلۈكى؛ 15. پاشنا؛ 16. لوپلۇق؛ 17. تاشقى چەم؛ 18. ئىستەلكە؛ 19. ئالدى باشلىق ئەستىرى؛ 20. ئاياغ پېتىكى

لەپچىقىرىش جەريانى دەپ ئاتىلىدۇ.

بىر مەھسۇلاتنىڭ پۈتۈپ چىقىشى ئۈچۈن، ئەندىزە (ئۈلگە)، قېلىپ ۋە خام ماتېرىيال لازىم بولۇپلا قالماستىن، يەنە لايىھە ماتېرىيالى ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت تېخنىكا ماتېرىيالى كېرەك بولىدۇ. لايىھە ماتېرىيالى مەھسۇلاتنىڭ سۈرىتى، رەڭلىك ستېرېئولۇق رەسىمى، باشلىق، ئەستەر، چەم، پاشنا بۆلەكلىرىنىڭ رەسىمى، بۆلەكلەرنىڭ بىرىكتۈرۈلگەن رەسىمى، پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش جەريانى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھۈنەر ـ سەنئەت تېخنىكا ماتېرىيالى بولسا بۆلەكلەرنى بىرىكتۈرۈش جەريانى، ھۈنەر ـ سەنئەت ئاقما لىنىيە خەرىتىسى، ھەر قايسى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىش تەرتىپى، ئىشلىتىلىدىغان قورال ـ سايمانلار، ماشىنىلار، تېخنىكا مۇھىم نۇقتىسى ۋە سۈپەت تەكشۈرۈش ئۆلچىمى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 1 ) ئاياغنىڭ ئورنى

مۇزدۇزلۇق كەسپىدە، نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا پۈتنىڭ يۇقىرى،

تۆۋەن، ئالدى، كەينى، ئوڭ، سول تەرەپلىرى ئاياغ ياكى قېلىپنىڭ ئورنى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، باش بارماق ئورنى، چىمچىلاق بارماق ئورنى، تاپان ئورنى، پۇتنىڭ دۈمبە ئورنى قاتارلىقلار.

## 2 ) ئاياغنىڭ بۆلەكلىرى

ئاياغنىڭ بۆلەكلىرى پارچە بۆلەكلەرنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشىدىن تۈزۈلىدۇ. بەزى پارچە بۆلەكلەرنىڭ ئۆزىلا بىر بۆلەك بولالايدۇ. پارچە بۆلەكلەرنىڭ نام-لىرى بەزىلىرىنىڭ شەكلىگە ئاساسەن ( مەسىلەن، ئاياغ تىلى )، بەزىلىرى-نىڭ ئورنىغا ئاساسەن ( مەسىلەن، ئالدى باشلىق، كەينى باشلىق )، ئوينايدى-غان رولىغا ئاساسەن ( مەسىلەن، باستۇرۇق )، ئىشلىتىلگەن ماتېرىيال ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ( مەسىلەن، سوزۇلغۇچ ) قويۇلىدۇ.

( 1 ) ئاياغ باشلىقى. ئاياغنىڭ چەم ۋە پاشنا قىسىملىرىدىن باشقا جايلى-رىنىڭ ھەممىسى ئاياغ باشلىقىغا تەۋە. ئاياغ باشلىقى باشلىق تاشلىقى، قا-تۇرما، ئەستەر ۋە قوشۇمچە بۆلەكلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. باشلىق تاشلىقى ئالدى باشلىق، ئۈستى باشلىق، يان باشلىق، كەينى باشلىق، ئۆتۈك قونچى ۋە قوشۇمچە بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ. ئاياغ باشلىقى ئادەتتە ئات، كالا كۆن - خۇرۇملىرىدىن، سۈنئىي، بى-رىكمە خۇرۇملاردىن، ھەر خىل رەختلەردىن ئىشلىنىدۇ، رەڭگى خىلمۇخىل كېلىدۇ. ئالدى باشلىق پۇت بارماق-لىرىدىن پۇتنىڭ دۈمبىسىگى-چە بولغان قىسىملارنى ئوراپ


ئاياغ باشلىقى





تۇرىدىغان بۆلەكنى كۆرسىتىدۇ. ئاياغ پاسونىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئالدى باشلىق ئالدى باشلىق قاپلىمىسى، ئاياغ تۇمشۇقى، ئاياغ تىلى، ئاياغ قۇلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى ئاياغلارنىڭ ئالدى باشلىقى يۇقىرىدا ئېيتىلغان پارچە بۆلەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بىر پۈتۈن كېسىلىدۇ.

يان باشلىق پۇت بارماقلىرىنىڭ تۇۋىدىن كەينى باشلىق ( دەستەك ) تۇتاشتۇرۇلىدىغان قىسمىغىچە بولغان بۆلەكنى كۆرسىتىدۇ.

كەينى باشلىق ( دەستەك ) ئاياغنىڭ تاپان قىسمىنى ئوراپ تۇرىدىغان بۆلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ باشلىق خورۇمى، باستۇرۇق، پاشنا تاسمىسى قاتارلىق بۆلەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاياغ باشلىقى ئاياغ رەختىدىن باشقا، يەنە ئەستەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەستەر ئادەتتە ، شاۋرۇن، بىشۇ، يەنى ئۆچكە، قوي تېرىسىدىن، سۈنئىي، بىرىكمە ئەستەرلىكلەردىن ئىشلىنىدۇ، ئاق، سېرىق رەڭلەردە بولىدۇ. ئەستەر باشلىققا قاراپ كېسىلىدۇ، ئۆلچىمى باشلىق ئۆلچىمى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئالدى باشلىق ئەستىرى، كەينى باشلىق ( دەستەك ) ئەستىرى، پېتەك، پاشنا پېتىكى، ئاياغ تىلى ئەستىرى، ئاياغ قۇلىقى ئەستىرى، ئۆتۈك قونچى ئەستىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاياغنىڭ پاكىزلىقى، چىدامچانلىقى ۋە كۆركەملىكى تەلىپىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەستەرلىكلەرگە نەملىك سۈمۈرۈشچان، سۈركىلىشكە، قاتلىنىشقا چىدامچان، چىرايلىق بولۇش قاتارلىق تەلەپلەر قويۇلىدۇ.

قاتۇرما باشلىق رەختى بىلەن ئەستەر ئارىسىغا ئېلىنىدىغان، ئاياغنى تۈتۈپ تۇرۇش، شەكلىنى ھاسىل قىلىش، مۇقىملاشتۇرۇش رولىغا ئىگە



بۆلەك، مەسلەن، تۇمشۇق قاتۇرما، ئاپقۇت قاتۇرما قاتارلىق.

قوشۇمچە ماتېرىياللار. پاشنا تاسمىسى، بېزەك بۇيۇملار، توقۇلما بۇيۇملار، ئاياغ بوغقۇچى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

( 2 ) ئاياغ چەمى. ئاياغ چەمى تاشقى چەم، پېتەك، يېرىم پېتەك، ئىستەلكە قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. ماتېرىيال جەھەتتىن تاشقى چەم كالا چەمى، كاۋچۇك چەم، سۇلياۋ چەم، يۇزلۇك قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.



تەبئى چەملەر (كالا چەملىرى)







پاشنىلار

( 3 ) ئاياغ پاشنىسى. ئاياغ پاشنىسى ماتېرىيال جەھەتتىن چەم پاشنا، كاۋچۇك پاشنا، ياغاچ پاشنا ۋە سۇلياۋ پاشنا قاتارلىق تۆت خىل بولىدۇ.

# ئاياغ ماتېرىياللىرى

ئاياغ ماتېرىياللىرى ئاياغنىڭ ماددىي ئاساسى بولۇپ، ئاياغ ماتېرىياللىرىغا قارىتا بەلگىلىك تونۇش ۋە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشمۇ مۇھىم. ئاياغ ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قانداق ماتېرىيال ئىشلىتىش ئاساسەن ئاياغنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىدارى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئاساسلىقى باشلىق ماتېرىياللىرى، چەملىك ماتېرىياللىرى، پېتەكلىك ۋە ئىستەلكىلىك ماتېرىياللار، يېلىم ۋە شىلىملەر، قوشۇمچە ماتېرىياللار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 1. ئاياغ باشلىقى ماتېرىياللىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى موزدۇزلۇق كەسپىدە، ئاياغ كىيىمى ئات، كالا تېرىسىدىن تىكىلىدۇ، ئۆچكە، قوي تېرىسى ئەستەرلىككە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئاياغ رەختىنى كۆن - خۇرۇم، چەم، بىشۇ، مەسكاپ، چىگرىن دەپ پەرقلەندۈرىدۇ. كۆن - خۇرۇملار قارا، قىزىل رەڭدە، ئەستەرلىكلەر ئاق، سېرىق رەڭدە بولىدۇ. بۇ خىل رەختلەرنى يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىدۇ. لېكىن، ھازىر پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن، يۇقىرى پەن - تېخنىكا بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان تەبىئىي خۇرۇم، سۈنئىي خۇرۇم ۋە بىرىكمە خۇرۇملار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ، كۆن، مەسكاپ، چىگرىن قاتارلىقلار ئىستېمالدىن قېلىۋاتىدۇ.



كۆن — ئەيلەنگەن، پىششىقلانغان تېرە.

خۇرۇم — كالا، ئات، قوي، چوشقا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنىڭ تۇكىنى چۇشۇرۇۋەتكەندىن كېيىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ھەر خىل يۇمشاق، پارقىراق كۆن. ئۇنىڭدىن ھەر خىل ئاياغ كىيىمى، چامادان قاتارلىق بۇيۇملارنى ئىشلەشكە بولىدۇ.

بىشۇ — قوي، ئۆچكە تېرىسىدىن كۆن - خۇرۇملارنى ئىشلەش ئۇسۇلى بىلەن ئىشلەنگەن، ئۆتۈك، مەسە قاتارلىق ئاياغ كىيىملىرىگە ئەستەر قىلىنىدىغان نېپىز تېرە.



ئەستەرلەر

چىگرىن — ئالاھىدە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، ئىنتايىن چىداملىق بىر خىل خۇرۇم.

مەسكاپ — بۇمۇ خۇرۇمنىڭ بىر خىلى.

ئاياغ باشلىقى باشلىق تاشلىقى ۋە ئەستىرى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. باشلىقلىقتا كۆن - خۇرۇم، بىرىكمە خۇرۇم، سۈنئىي خۇرۇم، برېزېنت، سۇلياۋ، رەخت قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەستەرلىكتە بىشۇ، شاۋرۇن، پاختا رەخت، ئىلمە توقۇلما رەخت، كاناپ قاتارلىقلار كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

### 1 ) ئاياغ رەختىگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر

ئىستېمالچىلارنىڭ ئاياغقا قويۇلىدىغان تەلەپلىرى بارغانسېرى يۇقىر-

لاپ، ئاياغلار ھاۋا ئۆتۈشىدىغان، نەملىك سۈمۈرىدىغان، غەيرىي پۇراقنى، تەرلەشنى يوقىتىدىغان، ساقلىق ساقلايدىغان، سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان، يۇقىرى ئېلاستىكلىققا ئىگە بولۇش تەلەپ قىلىنماقتا. بۇنىڭغا ماس ھالدا ئاياغ رەختىگە قويۇلىدىغان تەلەپمۇ يۇقىرىلىدى.

( 1 ) ئاياغ رەختىنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ۋە نەملىك سۈمۈرۈشچانلىقى يۇقىرى بولسا، پۇتنى تەرلەتمەيدۇ. بولمىسا، پۇت تەرلەپ ئاياغنى تېز كاردىن چىقىرىپلا قالماستىن، يەنە تۈرلۈك پۇت كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

( 2 ) ئاياغ رەختىنىڭ سوزۇلۇشچانلىقى ياخشى، ئەمما شەكلى ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان بولۇشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا، پۇت چوڭلاپ ياكى كىچىكلەپ قالغاندىمۇ ئاياغنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. ئادەم ئۇزۇن ۋاقىت ھەرىكەت قىلغاندىن كېيىن پۇتى چوڭلاپ قالىدۇ، ئارام ئالغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىدۇ. ئەگەر ئاياغ پۇتنىڭ ئەھۋالىغا ماسلىشىپ بېرەلمىسە، پۇت قىسىلىپ، قان ئايلىنىش تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

( 3 ) ئاياغ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ئۈچۈن، ئاياغ رەختى چوقۇم سۇغا، ئىسسىققا، ئۇلترا بىنەپشە نۇرغا، سوغۇققا چىدامچان بولۇشى كېرەك.

( 4 ) ئاياغ رەختى كۆركەم، چىرايلىق، رەڭلىرى ئېنىق ۋە تەكشى، يۈزى سىلىق بولۇشى كېرەك.

( 5 ) ئاياغ كىيىلىش جەريانىدا، كۆپ قېتىم ئېگىلىش، سۈركىلىش، تارتىلىشقا ئۇچرايدۇ، ئاياغ رەختى تارتىلىدۇ، يىرتىلىدۇ ياكى باشقا زەخملەرگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئاياغ رەختى چوقۇم ئېلاستىكلىقى ياخشى، سۈركىلىشكە چىدامچان بولۇشى، كۆپ قېتىم ئېگىلىش ۋە شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىشكە چىدايدىغان بولۇشى كېرەك.



( 6 ) ئاياغ رەختى ماتېرىياللىرى تۇرلۇك ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ تەلىپىدىن چىقالىشى، مەسىلەن، زوروۇر بولغان تۇرغۇنلۇق ۋە يېپىشقاقلىققا ئىگە بولۇشى، بەلگىلىك تېمپېراتۇرىغا بەرداشلىق بېرەلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يۇمشاق ۋە قۇرغاق بولۇشى كېرەك.

( 7 ) ھەرىكەت جەريانىدا، ئادەمنىڭ پۇتى بىلەن ئاياغنىڭ ئەستىرى كۆپ قېتىم ئۇدا سۈركىلىپ، پۇت تېرىسىدە ئېلېكترستاتىك ھادىسىسى پەيدا بولىدۇ. ئېلېكترستاتىك تەر بەزلىرىنى غىدىقلاپ، پۇتنى تەرلىتىپ، ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ. شۇڭا ئاياغ ماتېرىياللىرى ئېلېكترستاتىكقا قارشى تۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك.

## 2 ) كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئاياغ رەختلىرى

( 1 ) تەبىئىي كۆن ـ خۇرۇم ــــ ھايۋانلارنىڭ تېنىدىن سويۇۋېلىنغان تېرە بىر قاتار خىمىيىلىك ۋە فىزىكىلىق ئىشلەپچىقىرىشلار ئارقىلىق خۇرۇم، كۆن، چەملەرگە ئايلىنىدۇ. خۇرۇم ئاياغچىلىقتىكى مۇھىم ماتېرىياللارنىڭ بىرى، ئالىي دەرىجىلىك خۇرۇم ئاياغلارغا ھەقىقىي خۇرۇم ئىشلىتىلىدۇ.

تېرە خۇرۇمغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە خۇسۇسىيىتىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئاياغ، كەمەر، ھەميان، سومكا قاتارلىقلارنى ئىشلەشكە لايىقلىشىدۇ. ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

تەبىئىي خۇرۇمنىڭ تېمپېراتۇرىغا چىداشلىق بېرىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇپ، يۇقىرى بولغاندا 85 سېلسىيە گرادۇسلۇق ئىسسىققا، تۆۋەن بولغاندا نۆلدىن تۆۋەن 20 سېلسىيە گرادۇسلۇق سوغۇققا چىدايدۇ. خۇرۇمنىڭ خام تېرىگە قارىغاندا ئېگىلىشكە بەرداشلىقى ياخشى بولۇپ، ئاسان يېرىلىپ، ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ. يۇمشاق، ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى، سۈركىلىشكە چىدامچان-



تەبىئىي خۇرۇملار

لىقى، نەملىك سۇمۇرۇشچانلىقى يۇقىرى، ئۆزى يېنىك ھەم پاكىز، ئادەم بەدىنىگە ئەكس تەسىرى يوق، كىيسە كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.

خۇرۇم ـــ كالا، قوي، ئات، چوشقا، ئېشەك، قېچىر، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن ئىشلىنىدۇ، بۇغا، جەرەن، بۆكەن قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىنمۇ ئىشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تيۇلېن، بېگەموت، لەھەڭ، يىلان، بوغما يىلان تېرىسىدىن ئىشلەنگەنلىرىمۇ بار. خۇرۇم ئەيلىنىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئورگانىك ئۇسۇلدا ئەيلەنگەن خۇرۇم ۋە ئانئورگانىك ئۇسۇلدا ئەيلەنگەن خۇرۇم دەپ ئىككى تۈرگە؛ ئىشلەپچىقىرىش ئادىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ يېنىك خۇرۇم ۋە ئېغىر خۇرۇم دەپ ئىككى تۈرگە؛ تېرىنىڭ قەۋەتلەر بويىچە كېسىلىشىگە قاراپ ئۈستۈنكى قەۋەت خۇرۇم، ئوتتۇرا قەۋەت خۇرۇم، ئاستىنقى قەۋەت خۇرۇم دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئالىي دەرىجىلىك خۇرۇم ئاياغقا كالا، قوي، چوشقا تېرىسىنىڭ يۇقىرى قەۋەت خۇرۇمى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك خۇرۇم ئاياغلارغا كالىنىڭ ئوتتۇرا قەۋەت خۇرۇمى ئىشلىتىلىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خۇرۇملار بىلەن سۈنئىي خۇرۇم ياكى تالالىق توقۇلما



رەختلەر، بىرىكمە خۇرۇملارنى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىنىدىغان ئاياغلارمۇ بار.

(2) سۈنئىي خۇرۇم، تەبىئىي خۇرۇم ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى، ئېلاستىكلىقى ياخشى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئاياغچىلىق ساھەسىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ. لېكىن كېلىش مەنبەسى چەكلىك، باھاسى يۇقىرى بولۇش قاتارلىق چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىنى ئالالايدىغان، يۇقىرى مولېكۇلىلارنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسالغان ماتېرىياللارنىڭ تەرەققىي قىلىشى كىشىلەرنىڭ تەبىئىي خۇرۇمغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇردى. يۇقىرى مولېكۇلىلارنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئىشلەنگەن، تەبىئىي خۇرۇمنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئەكس ئەتكەن بۇ ماتېرىياللارنى كىشىلەر سۈنئىي خۇرۇم دەپ ئاتىدى. كېيىنچە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بىرىكمە خۇرۇممۇ مەيدانغا كەلدى.

### 3) ئاياغقا ئىشلىتىلىدىغان توقۇلما بۇيۇملار

ئاياغقا ئىشلىتىلىدىغان توقۇلما بۇيۇملارنىڭ تۈرلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى كاناپ، سۈنئىي تالالىق توقۇلما بۇيۇم، نىلون تورسىمان رەخت قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە، بەزى توقۇلما بۇيۇملار يېڭى مەھسۇلات بولۇپ، تېخى كەڭ قوللىنىلمىدى.

## 2. ئاياغ چەمنىڭ ماتېرىياللىرى

ئادەتتە ئاياغنىڭ چەمگە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللاردىن كالا چەمى، رېزىنكە، سۇلياۋ، پولىئۇرېتان قاتارلىقلار بار.

### 1) تەبىئىي چەم

چەم ــــ ئات، كالا قاتارلىقلارنىڭ تېرىسىدىن ئىشلەنگەن، ئاياغنىڭ چەمگە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل رەخت بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: بىرىنچىدىن، كىيسە پۇتقا ھۇزۇر بېرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئاسان تېشىلىپ كەتمەيدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، يېنىك. بىر جۈپ ئادەتتىكى تەبىئىي چەم ئىشلىتىلگەن تەنھەرىكەت ئايىغىنىڭ چەمىنىڭ قېلىنلىقى 4.5 مىللىمېتىر بولغاندا، ئېغىرلىقى 310 گرام ئەتراپىدا كېلىدۇ. ھالبۇكى چەمنىڭ قېلىنلىقى 4 مىللىمېتىر كېلىدىغان، بىرىكمە چەمدىن ئىشلەنگەن ئاياغنىڭ ئېغىرلىقى 330 گرام كېلىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، تەبىئىي چەمنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى، نەملىك ھەيدەش ئىقتىدارى، نەملىك سۈمۈرۈشچانلىقى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، نەملىك سۈمۈرۈش نىسبىتى 30% كە يېتىدۇ. تەبىئىي چەملىك ئاياغ كىيسە، پۇت پۇراش، رېماتىزم قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ھەمدە داۋالىغىلى بولىدۇ. لېكىن تەبىئىي چەمنى بىرىكمە چەمگە سېلىشتۇرغاندا، تەننەرخى يۇقىرى بولۇش، سۇغا، سۈركىلىشكە چىدامچانلىقى تۆۋەن بولۇش، يۇقىرى تېمپېراتۇرا، كۈچلۈك ئاپتاپتا ئاسان يېرىلىپ، سۇنۇپ كېتىش، قېلىنلىقى، رەڭگى ۋە تالا قۇرۇلمىلىرى تەكشى بولماسلىقتەك كەمچىلىكلىرى بار.



كالا چەمى (يەرلىك چەم)



### 2 ) رېزىنكە (كاۋچوك) چەم

رېزىنكە چەم ئىشلەپچىقىرىشتا تەبىئىي كاۋچوك، بۇتادىئېن ستېرىن كاۋچوكى، بۇتادىئېنلىق كاۋچوك كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

تېرموپلاستىك كاۋچوك يېقىنقى زاماندا تەرەققىي قىلغان بىر خىل يېڭى تىپتىكى ماتېرىيال بولۇپ، ئۇنىڭدا سۇلياۋنىڭ تېرموپلاستىك ئالاھىدىلىكى بىلەن كاۋچوكنىڭ ئېلاستىكلىقى مۇجەسسەملەنگەن. تېرموپلاستىك كاۋچوكنى ئىشلەپچىقىرىش ئاسان، تەننەرخى تۆۋەن، ئىقتىدارى ياخشى بولۇپ، ئىشلىتىش قىممىتى يۇقىرى. تېرموپلاستىك كاۋچوكتىن قىلىنغان چەم يېنىك، ئازادە بولۇپ، يول ماڭغاندا تېيىلمايدۇ، سوغۇقتا قېتىۋالمايدۇ، يېپىشىشچانلىقى يۇقىرى.



رېزىنكە چەم

ھاسىلىي كاۋچوك كونا ۋە براك قىلىنغان كاۋچوك بۇيۇملارنى قايتا پىششىقلاش ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدىغان ماتېرىيال. ھاسىلىي كاۋچوك قىسمەن دائىرىدە خام كاۋچوكنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان بولغاچقا، بۇ ئارقىلىق خام كاۋچوكنى تېجەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، كېرەكسىز كاۋچوكتىن قايتا پايدىلىنىش ئارقىلىق مۇھىت بۇلغىنىشىنى ئازايتقىلى، ئېنېرگىيىنى تېجىگىلى بولىدۇ.

### 3 ) سۇلياۋ چەم

سۇلياۋ يۇقىرى مولېكۇلا بىرىكتۈرۈلگەن ماتېرىيال بولۇپ، سۇلياۋدىن ئىشلەنگەن چەم يېنىك، چىرىشكە، سۈركىلىشكە چىداملىق، ئىشلەپچىقى-

ـرىش تەننەرخى تۆۋەن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. لېكىن، ئىسسىققا چىدىمايدۇ، پۇختا ئەمەس.

### 4) سۇنئىي چەم

سۇنئىي چەم پۇختا، مۇستەھكەم بولۇپ سوركىلىشكە، ئېگىلىشكە، تېمپېراتۇرىغا، سۇغا تاقابىل تۇرۇشچانلىقى يۇقىرى، كۆرۈنۈشى ۋە قول سېزمى تەبىئىي چەمگە ئوخشاپ كەتكەچكە، ئاياغچىلىق ساھەسىدە كەڭ ئىشلىتىلمەكتە.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ھاسىلىي چەم، قەغەز چەملەرمۇ ئاياغ ئىشلەپچىقىرىشتا مۇۋاپىق دەرىجىدە ئىشلىتىلمەكتە.

## 3. ئاياغچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يېلىملەر

ئاياغ ئىشلەپچىقىرىشتا، يېلىم ئاساسلىقى باشلىق بىلەن چەمنى بىر ـ بىرىگە چېتىشتا، باشلىقنى قېلىپقا ( ئىش ) تارتىشتا، باشلىق بۆلەكلىرىنىڭ گىرۋىكىنى پۈكۈشتە، يەلىمە ئاياغلارنىڭ پاشنىسىنى يەملەشتە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى موزدۇزلۇق كەسپىدە يېلىم « سىراج »



يېلىم قاچىلىرى



دەپ ئاتىلىپ، جىگدە يېلىمى بىلەن ئوت ئۇرۇقىدىن ياكى ئۆرۈك يېلىمىگە ئۇن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان ۋە ياكى بۇغداي ئۇمىچى ۋە گۈرۈچ ئۇمىچى يېلىم ئورنىدا ئىشلىتىلگەن.

1) چەم يېلىمى: ئاياغنىڭ چەمى بىلەن باشلىقىنى يەملەشتە ئىشلىتىلىدىغان يېلىم چەم يېلىمى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئاياغچىلىقتا ئەڭ يۇقىرى تەلەپ قويۇلىدىغان يېلىم. ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپ: يېپىشىشچانلىقى، تۇتۇشچانلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇشى؛ يۇمشاق، ئېگىلىشكە، سۇغا، مايغا، باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇشچانلىقى كۈچلۈك، مۇقىملىقى يۇقىرى، زەھەرسىز، ئەرزان بولۇشى؛ مەلۇم تېمپېراتۇرىدا ئاسان قاتىدىغان، قېتىش ۋاقتى قىسقا بولۇشى، نۆلدىن تۆۋەن 20 سېلسىيە سوغۇقتىمۇ توڭلاپ، يېرىلىپ كەتمەيدىغان، نۆلدىن يۇقىرى 50 سېلسىيىدىمۇ ئېرىپ يۇمشاپ كەتمەيدىغان بولۇشى كېرەك.

2) رەخت يېلىمى: بەزى ئاياغلارنى ئىشلەپچىقارغاندا، ئاياغنىڭ باشلىقىغا ئىككىدىن ئارتۇق ماتېرىيال ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. يېقىندىن بۇيان تورسىمان رەخت بىلەن بۇلۇتنى بىرىكتۈرۈپ ئىشلىتىش ئەۋج ئالماقتا. مانا مۇشۇنداق رەختلەرنى چېتىشتا رەخت يېلىمى ئىشلىتىلىدۇ.

3) قېلىپقا تارتىش يېلىمى: قېلىپقا تارتىش تىكىپ تەييار قىلىنىدىغان باشلىقنى خۇرۇمنىڭ سوزۇلۇشچانلىق ۋە ئېلاستىكلىق خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئۇنى سوزۇپ قېلىپقا يېپىشتۇرۇش، ئاخىرىدا باشلىق بىلەن ئىستەلكىنى بىر ـ بىرىگە چېتىشنى كۆرسىتىدۇ. قېلىپقا تارتىش يېلىمى باشلىق بىلەن ئىستەلكىنى بىر ـ بىرىگە چېتىشتا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل يېلىمنىڭ تۇتۇشچانلىقى تېز ۋە يۇقىرى بولۇشى كېرەك. چۈنكى باشلىقنى سوزۇپ، كېرىپ قېلىپقا تارتقاندا، بۇ يېلىمگە چۈشىدىغان تارتىش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر يېلىم چىڭ





تۇتالمىسا، باشلىق قېلىپتىن ئاجراپ كېتىدۇ.

4) گىرۋەك پۇكۇش يېلىمى: بۇ يېلىم ئاياغ باشلىقىنىڭ پارچە بۆ-لەكلىرىنىڭ گىرۋەكلىرىنى شىلىپ نېپىزلىتىپ بولغاندىن كېيىن، پۇكۇشتە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل يېلىم ۋاقىتلىق مۇقىملاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ دەسلەپكى تۇتۇشچانلىقى يۇقىرى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، لېكىن ئاخىرقى تۇتۇش ئۈنۈمىنىڭ قانداق بو-لۇشىغا ئانچە يۇقىرى تەلەپ قويۇلمايدۇ.

5) كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يېلىملەر:

(1) خلوروپرېن يېلىمى (氯丁胶): بۇ ئاياغ ئىشلەپچىقىرىشتا بىر قەدەر كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يېلىم. ئۇنىڭ تۈرلۈك خۇرۇم رەختلىرىنى يېپىشتۇرۇشتىكى ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى. ئۇنىڭ تۇتۇشچانلىقى يۇقى-رى، تۇتۇش سۈرئىتى تېز بولۇپ، قېنىق رەڭلىك رېزىنكە چەم بىلەن ئاياغ باشلىقلىرىنى يەملىگەندىكى ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى.

(2) تەبىئىي كاۋچۇك يېلىم (天然橡胶胶黏剂): بۇ خىل يېلىم ئېرىتمە تىپىدىكى ۋە كاۋچۇك سۈتى تىپىدىكى دەپ ئىككى خىلغا ئايرى-لىدۇ. ئۇ تەبىئىي كاۋچۇكنى ئاساسلىق ماتېرىيال قىلغاچقا، چاپلاشتۇر-غاندا كۈچلۈك بېسىم بىلەن چىڭدىمىسىمۇ ئاسان تۇتۇپ كېتىدۇ؛ كاۋ-چوكتەك يۇمشاق بولۇپ، بۇ خىل يېلىم ئىشلىتىلگەن ئاياغلارنىڭ ئېگى-لىشكە بەرداشلىق بېرىش كۈچى يۇقىرى.

## 4. موزدۇزلۇق لازىمەتلىكلىرى

### 1) ئاياغ تىكىش يىپى

ئەنئەنىۋى موزدۇزلۇقتا، يىپ پاختىدىن ئېگىرىلىدۇ، ئېغىزدا چايناپ پى-



شۇرۇلۇپ، تىرناقتا سىيرىپ قۇرۇتۇلۇپ، ئۈچ چىقىرىپ مومىلىنىپ، پىسىل-كە ئارقىلىق يىڭنىگە ئۆتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىلىدۇ. بېخىر، چەم، رۇپچەك ئۇچۇن ئايرىم يىپ ئىشلىتىلىدۇ.

تىكىش يىپى ئاياغنىڭ مۇھىم ياردەمچى ماتېرىيالى. تىكىش يىپى باشلىق بۆلەكلىرىنى چېتىش، شەكىلگە كەلتۈرۈش ۋە ئاياغنى بېزەش قا-تارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ. تىكىش يىپىنىڭ سۈپىتى، ئىقتى-دارى ۋە تىكىلىدىغان ماتېرىيالنىڭ سەپلەشتۈرۈلۈشىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ئاياغنىڭ سۈپىتى، كۆركەملىكى، ئىقتىدارى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈ-نۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم قاتارلىق جەھەتلەر بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇنا-سىۋەتلىك.

پەن - تېخنىكىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئاياغ كىيىم-لىرىنى لايىھىلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش يەڭگىل، ئازادە، چىرايلىق بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بىخەتەر، ساقلىق ساقلاش ئىقتى-دارى بولۇش ۋە كۆپ خىل شەكىلدە بولۇش گەۋدىلىنىپ، سۈپەت جەھەتتى-كى تەلەپ بارغانسېرى يۇقىرىلىماقتا. بولۇپمۇ، ئاياغ ۋە ئاياغ باشلىقى ماتې-رىياللىرىنىڭ كۆپ خىللىشىشى، تىكىش تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئاپتو-ماتلىشىشى، تىكىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى بىلەن، كىشىلەر ئاياغنىڭ تۈرى، ئىقتىدارى، سۈپىتىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان بولدى.

ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە تىكىلىدىغان ماتېرىيالنىڭ ئوخشىماسلىقى سە-ۋەبىدىن، تىكىش ماشىنىسىنىڭ تىپىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئاياغ يىپىنىڭ ئىقتىدارىغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ئوخشاش ئەمەس. لېكىن، تىكىش يىپى تۆۋەندىكى بىر قانچە ئاساسىي تەلەپنى چوقۇم قانائەتلەندۈرۈشى





زاكتوپ (ئاياغ باشلىقى ) تىكىدىغان يىپلار

كېرەك: بىرىنچى، تىكىش ھاسىل قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچى، تولۇق تىكىشلەرگە ماس كېلىدىغان بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، باشلىقىنىڭ ئۇستۇنكى يىپى بىلەن ئاستىنقى يىپىغا ئوخشاش بىر خىل تىكىش يىپى ئىشلىتىلسە ناھايىتى ياخشى بولىدۇ؛ تۆتىنچى، ئىقتىدار ۋە سۈپەت جەھەتتە پۇختا ۋە سۈركىلىشكە چىدامىلىق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. يىپىنىڭ ئۆمرى، ئىشەنچلىكلىكى ۋە بىخەتەرلىكلىكى ئاياغ باشلىقىنىڭ ماتېرىياللىرىنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇشى، ئىسسىققا چىدامىلىقلىقى، ئېلېكتروستاتىكقا قارشى تۇرۇشچانلىقى ياخشى بولۇشى، ئېشىلىش يۆنىلىشى ۋە ئېشىلىش دەرىجىسى مۇۋاپىق بولۇشى، ئۇلانغان بېشى كىچىك بولۇشى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تىكىشلەرنىڭ تەلىپىدىن چىقالىشى كېرەك؛ بەشىنچى، تىكىش يىپىنى ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيالغا قاراپ تاللاش كېرەك. ئاياغ تىكىشتە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار كۆنسېرى يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئوخشاش بولمىغان ماتېرىيالنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە تىكىشكە بولغان تەلىپى بولىدۇ. شۇڭا، ئوخشاش بولمىغان ماتېرىياللارنى تىكىشتە، كۆچىنىشى ۋە كىرىشىش دەرىجىسى شۇ خىل ماتېرىيال بىلەن



بىردەك بولغان تىكىش يىپلىرىنى تاللاش كېرەك.

ئاياغ تىكىش ۋە لايىھىلەشتە ئەگەر تىكىش يىپى مۇۋاپىق تاللانمىسا ياكى يىپنىڭ سۈپىتى ناچار بولسا، ئاياغنىڭ سۈپىتى ۋە كۆركەملىكىگە بىۋاستە تەسىر يېتىپ قالماستىن بەلكى يەنە تىكىش جەريانىدا يىپ چىگىلىشىش، تىكىش ئاتلاپ كېتىش، يىپ ئۈزۈلۈپ كېتىش ۋە تىكىش ماشىنىسىنى كاردىن چىقىرىشتەك ئەھۋاللار يۈز بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ۋە ۋاقتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، تىكىش يىپىنى مۇۋاپىق تاللاشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.



ئاياغ باشلىقىغا ئىشلىتىلىدىغان يىپلار



چەم يىپى

## 2) تىكىش يىپىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

(1) تەبىئىي تاللىق يىپ: بۇ تەبىئىي تالالارنى ئېشىش ئارقىلىق ئىشلەنگەن يىپ. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ساپ تەبىئىي تاللىق يىپ پاختا تاللىق يىپ، كەندىر تاللىق يىپ، يىپەك تاللىق يىپ، هايۋانات يۇڭى تاللىق يىپ، پاختا، كەندىر، يىپەك تاللىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېشىش ئارقىلىق ئىشلەنگەن ئارىلاشما تەبىئىي تاللىق يىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(2) خىمىيىۋى تاللىق يىپ: خىمىيىۋى تالالارنى ئېشىش ئارقىلىق

ئىشلەنگەن يىپ بولۇپ، داكرون تالاسى ( نىلون ) يىپى، پولىئامىد تالاسى ( جىنلون ) يىپى، پولوۋىنىل ئالكوگول تالاسى ( ۋىلون ) يىپى قاتارلىقلار-نىڭ بازاردىكى ئىشلىتىلىشى بىر قەدەر ئومۇملاشقان. تۆۋەندە ئاساسلىق داكرون تالاسى ( دىلون ) يىپىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى تو-نۇشتۇرىمىز.

(3) داكرون تالاسى (دىلون) يىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى: چىدامچانلىقى يۇ-قىرى، يۇيغاندا كىرىشىش دەرىجىسى تۆۋەن، ئېلاستىكلىقى، چىرىشكە، سۇركىلىشكە تاقابىل تۇرۇشچانلىقى ياخشى، كىلىماتقا ماسلىشىپ كېتەلەي-دۇ، تۇراقلىق بولۇپ، تىكىش ماشىنىسىدا مېڭىشى راۋان، تىكىشى كۆركەم ۋە چىرايلىق. دىلون يىپى پاختا يىپقا قارىغاندا چىدامچانلىقى، سۇركىلىش-كە، چىرىتىشكە تاقابىل تۇرۇشچانلىقى، بويلىشچانلىقى ياخشى، باھاسى تۆۋەن بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ئىشلىتىلىش دائىرىسى بارغانسې-رى كېڭىيىپ، ئاستا ـ ئاستا پاختا يىپنىڭ ئورنىنى ئالماقتا. دىلون يىپى ئاساسلىق تۇرلۇك رەخت ئاياغلىرىنىڭ باشلىقىنى تىكىشتە، تۇرلۇك خۇرۇم ئاياغ ۋە تەنھەرىكەت ئاياغلىرىنى بېزەشتە، ئۆتۈكلەرنىڭ قىشلىق ئەستىرىنى تىكىشتە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

( 4 ) ئارىلاشما يىپ: بۇ تەبىئىي تالالىق يىپ بىلەن خىمىيىۋى تالالىق يىپنى بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ئېشىش ئارقىلىق ئىشلەنگەن بىر خىل تىكىش يىپىدۇر.

### 3) توقۇلما ماتېرىياللار

( 1 ) ئاياغ بوغقۇچى: ئاياغ بوغقۇچى ئاياغلارغا مەخسۇس ئىشلىتىلىد-غان بوغقۇچنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ كۆپىنچە تەنھەرىكەت ئايىغى، ساياھەت ئا-





يىغى، توپ ئايىغى قاتارلىقلاردا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ، بەتىنكىلەرگە مۇ ئىشلىتىلىدۇ.

( 2 ) سوزۇلغۇچ: سوزۇلغۇچ ئادەتتە خۇرۇم ئاياغنىڭ پۇتنىڭ دۈمبە قىسمى كېلىدىغان جايىدا، ئىككى يان باشلىقىنى چېتىشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ پاختا رەخت بىلەن كاۋچوك تالاسىنى بىرىكتۈرۈپ توقۇلىدۇ، قوش قەۋەت ئېلاستىكلىق توقۇلما بۇيۇم بولۇپ، ئاياغنىڭ ئۆزىنى قويۇپ بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

# موزدۇزلۇق قوراللىرى

بىزنىڭ ئەقلىلىق، ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىز ئۇزۇن يىللىق موزدۇزلۇق ئەمەلىيىتى ۋە خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، نۇرغۇن ئەمەلىي قوللىنىلىشچانلىقى يۇقىرى، يەرلىك قورال ـ سايمانلارنى كەشىپ قىلغان ھەمدە ئۇلارنى داۋاملىق تۈردە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پىششىقلاپ كەلگەن. لېكىن ھازىر جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، پەن ـ تېخنىكا تېز تەرەققىي قىلىپ، موزدۇزلۇقتا ئىشلىتىلىدىغان بەزى قورال ـ سايمانلىرىنىڭ ئورنىنى ماشىنا ئېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، سۈرئىتى تېزلەشتى. تۆۋەندە تونۇشتۇرۇلغانلىرى ئەجدادلىرىمىز بۇرۇن ئىشلەتكەن ۋە ھازىرمۇ ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان موزدۇزلۇقنىڭ ئاساسلىق قوراللىرى.

1. تارتما ئامبۇر ـ ئاياغ باشلىقىنى قېلىپقا تارتىش (يەنى ئىش تارتىش ) تا ئىشلىتىلىدۇ، تۆمۈردىن ياسىلىدۇ.

2. كەسمە ئامبۇر( پاقمىۋاش ئامبۇر) ـ مىخ يۇلۇش، چەم كېسىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.


كەسمە ئامبۇر


تارتما ئامبۇر

3. بولقا — مىخ قېقىش، چەملەرنى ئۇرۇپ تەكشىلەش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ، بېشى تۆمۈردىن سوقۇلىدۇ، سېپى ياغاچتىن قىلىنىسىمۇ، تۆمۈردىن قىلىنىسىمۇ بولىدۇ.



بولقا

4. بۈرەندە — كۆن - خۇرۇم، چەملەرنى كېسىدىغان، تىغى ئاي شەكىللىك، ئەگرى ساپاقلىق ئەسۋاب.



بۈرەندە

5. بەلچە — ئاياغ كىيىمنىڭ پاشنا ۋە چەم چۆرىسىنى تۈزلەپ سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۇتقۇچلۇق تۆمۈر ئەسۋاب. تۇتقۇچى ياغاچتىن ياسالسىمۇ، تۆمۈردىن ياسالسىمۇ بولىدۇ. بەزىدە چەم كېسىشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.



بەلچە

6. پەرداز كالتىكى — موزدوزلۇقتا ئاياغ كىيىمنى پەردازلاشقا ئىشلىتىلىدىغان قىسقا، سىلىق ياغاچ كالتەك، « بالا بۆشتەك » مۇ دەپ ئاتىلىدۇ.



پەرداز كالتىكى

7. قومۇش قەلەم ( چۆرە ياغاچ ) ياغاچتىن ياسالغان، چەم كىرپىكىنى پارقىرىتىشقا، چەمنى كەسكەندە خۇ-



قومۇش قەلەم


كوۋا

رۇمنىڭ زەخمە يەپ قېلىشىدىن ساقلاش ئۈچۈن، بەلچە تىغىغا تىرىلىدىغان ئەسۋاب.

8. كوۋا ــ موزدۇزلار ئاياغ كىيىمنىڭ رەختىنى تۈزلەش، چىڭداش، پاشنا قاتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ياغاچ ئەسۋاب.


كىرپىكچە

9. كىرپىكچە ــ چەم كىرپىكى ( گىرۋىكى ) نى قىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان، تۆمۈردىن سوقۇلىدىغان تىغلىق ئەسۋاب.

10. يىڭنە ــ يىڭنە سىلىق يىڭنە، چەم يىڭنىسى، ئەگرى (رۇپچەك) يىڭنە، تۈز يىڭنە دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. سىلىق يىڭنە باشلىنىقا بېخىر سالغاندا ئىشلىتىلىدۇ؛ چەم يىڭنىسى چەم تىككەندە ئىشلىتىلىدۇ؛ ئەگرى ( رۇپچەك ) يىڭنە رۇپچەك يۆمىگەندە ئىشلىتىلىدۇ. موزدۇزلۇقتا يىڭنە جۈپ بولىدۇ. پەقەت رۇپچەك يۆمەيدىغان يىڭنىلا يالغۇز ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈنلا شۇنداق بولغان؛ تۈز يىڭنە ئۆتۈك قونچىنىڭ ئارقا چېكىنى تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.


دەرەش (بىگىز)

11. دەرەش (بىگىز ) ــ تاش چەم بىلەن تاسمىنى قوشۇپ تىكىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئۇچلۇق تىغلىق، ساپىقى ياغاچتىن ياسالغان ئەسۋاب. ئۇ ئىشلىتىش ئورنىغا قاراپ سىلىق دەرەش، چەم دەرىشى، رۇپچەك دەرىشىگە بۆلۈنىدۇ.

12. سىلىق دەرەش — ئۆتۈكنىڭ باشلىقىغا بىخىر سىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۆتۈكنىڭ باشلىقىنى قول بىخىرى قىلىپ تىكسە ناھايىتى پۇختا ھەم چىرايلىق بولىدۇ.



سىلىق دەرەش



رۇپچەك دەرىشى

13. رۇپچەك دەرىشى — ئىشنى قېلىپقا تارتقاندىن كېيىن رۇپچەك يۆمىلىدۇ. رۇپچەك ـ ئۆتۈكنىڭ باشلىقى بىلەن چەمنى تۇتاشتۇرىدىغان چەم تاسمىدۇر. رۇپچەك دەرىشىنىڭ ئەگرى ئۇچى بىلەن ئۆتۈكنىڭ پېتىكى، باشلىقنىڭ چۆرىسى، رۇپچەك تېشىلىپ ئۇچى بىر قىلىنىپ يۆمەپ تىكىلىدۇ.

14. چەم دەرىشى — چەمنى رۇپچەك بىلەن قوشۇپ تىككەندە چەم دەرىشى بىلەن قوش يىپلىق چەم يىڭنىسى ئۇچۇن تۆشۈك تېشىلىدۇ.

15. موم — ئاياغ تىكىشتە ئىشلىتىلىدىغان يىپنى سىلىقلاپ بېرىش، يىپنىڭ چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر خىل يۇمشاق ماددا، ئاق موم، قارا موم دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. خام — پەرداز ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ.

16. قارا گۈل — قارا گۈل پەرداز ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ يەنە قارا رەڭمۇ ئىشلىتىلىدۇ.



قېلىپ تارتىش ئىلمىكى

17. قېلىپ تارتىش ئىلمىكى — ئاياغ پۇتكەندىن كېيىن، ئاياغ ئىچىدىكى قېلىپنى تارتىپ چىقىرىۋېتىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. تۆمۈردىن ئىلمەكلىك قىلىپ سوقۇلىدۇ، يەنە بىر ئۇچىغا

ئارغامچا چېگىلىدۇ. قېلىپنى تارتقاندا، ئىلمىكى قېلىپنىڭ تۆشۈكىگە
كىرگۈزۈلىدۇ، ئىككى قولدا ئاياغنى چىڭ تۇتۇپ، ئارغامچىنى پۇتقا كىرگۈ-
زۈۋېلىپ قېلىپ تارتىلىدۇ.


دەزگىل

18. دەزگىل — خۇرۇم تاسمى-
دىن تىكىلگەن ھالقىسىمان بۇيۇم.
ئەنئەنىۋى موزدۇزلۇقتا دەزگىلنىڭ
بىر تەرىپىنى پۇت بىلەن دەسسىۋې-
لىپ، يەنە بىر تەرىپىنى تىزغا كىي-
دۈرۈپ، باشلىقنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنى بىر - بىرگە چېتىشتا ئىشلە-
تىلىدۇ، چېتىلىدىغان ئىككى قىسىمنى تىزغا كىيدۈرۈلگەن تاسمىنىڭ ئاس-
تىغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ تىكىش مەشغۇلاتى قىلىنىدۇ.


دۈپىي

19. دۈپىي — موزدۇزلۇقتا ئاياغنى چەملەش،
مىخلاش، مىخ ياندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان،
شەكلى پۇتقا ئوخشايدىغان تۆمۈردىن ياسالغان
ئەسۋاب، تەگلىكى كۆتەك ياكى تۆمۈردىن ياسىلى-
دۇ، يەرگە سانجىپ قويسىمۇ بولىدۇ.

20. پومۇلا — ئۆتۈكنى پەردازلىغاندا ئاق مومنى
سۈرۈپ، ئۈستىدىن پومۇلانى قىزىتىپ موم تۆپىسىدىن يەڭگىل يېقىپ،
مومنى خۇرۇمغا سىڭدۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب.

21. رېنتا — چەم چۆرىسىگە گۈل چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان
ئەسۋاب.

22. پوزا — ئۆتۈك پۈتكەندىن كېيىن قېلىپتىن چىقارماي تۇرۇپ،
باشلىق ۋە قونچىغا سۈركەپ پارقىتىشتا ئىشلىتىلىدۇ.





كۇرس

23. كۇرس — موزدوز ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىدىغان ئورۇندۇق، ياغاچتىن تۆت تەرەپلىك قىلىپ ئىككى دانە رامكا ياسىلىپ، بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈلۈپ، ئوتتۇرىسىدىن ئوق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئولتۇرىدىغان تەرىپىگە كاناپ ياكى قېلىن رەختتىن تاسما تىلىپ، ئىككى چەتكە مىخلىنىدۇ، يىغىپ - ئېچىشقا، كۆتۈرۈپ مېڭىشقا ئەپلىك، ئولتۇرسا ھارغىنلىق ھېس قىلدۇرمايدۇ. ئادەتتە تۆت پۇتلۇق قىلىپمۇ ياسىلىدۇ.

24. دۇكان تاختىسى (پەشتاختا) — موزدوزلۇق كارخانىلىرىدىكى ئۇستىلار خىزمەت قىلىدىغان ئىش ئۈستىلى. يۈزى ياغاچتىن ياكى قەلەي، تۇنىكىدىن ياسىلىدۇ، ياغاچتىن 1 - 2 غېرىچ ئېگىزلىكتە تۆت پۇت بېكىتىلىدۇ.

25. پوركاپ — ئۆتۈكنىڭ قونچىدىن كىرگۈزۈپ، باشلىق قېلىپى ئۈستىگە قويۇپ، پاشنىنى چىڭدايدىغان ياغاچ ئەسۋاب.

26. قېلىپ — موزدوزلۇقتىكى ئەڭ مۇھىم قوراللارنىڭ بىرى. بۇ ئاياغ كىيىمنىڭ قېلىپى بولۇپ، يازلىق ئاياغنىڭ ئايرىم، قىشلىق ئاياغنىڭ ئايرىم، ئەر - ئاياللارنىڭ ئايرىم بولىدۇ. بۇرۇن ئاياغنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن ياڭاق ياغىچى ياكى تال يىلتىزىدىن چېپىپ ياسىلاتتى. ئۇ قېلىپ گەۋدىسى، تىگىن ۋە قېلىپ



ياغاچ قېلىپ


سۇلياۋ قېلىپلار

پۇشتىكى دەپ ئايرىلىدۇ. ئاياغنى قېلىپ-تىن چىقارغاندا ئاۋۋال قېلىپ پۇشتى-كى، ئاندىن گەۋدىسى تارتىپ چىقىرىۋې-لىنىدۇ، بۇنداق بولغاندا پۈتكەن ئاياغنىڭ قېلىپ تارتىش جەريانىدا بەك كۆچەش سەۋەبىدىن شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىشى ياكى باشقا كۆتۈلمىگەن ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ھازىر قېلىپ سۇلياۋدىن قۇيۇپ ياسىلىدۇ. ھەر بىر رازمېرلىق قېلىپ بىر جۈپتىن بولىدۇ. ئۆتۈك قېلىپى ئادەتتىكى بەتىنكە قېلىپىدىن 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئېگىز بولىدۇ. ئەر-رەنچە ئاياغلارنىڭ قېلىپى 38 ـ 44 نومۇرغىچە، ئايالچە ئاياغلارنىڭ قېلىپى 34 ـ 40 نومۇرغىچە كېلىدۇ. ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ نومۇرلۇق ئاياغ كىيىدىغانلارنىڭ ئاياغ قېلىپىنىڭ ئۇچى ياكى تاپان تەرىپىگە قىرىم ياكى نېپىز چەم چاپلىنىدۇ، پۇتىنىڭ دۈمبىسى ئېگىزرەك كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئاياغ قېلىپىنىڭ دۈمبە تەرىپىگىمۇ خۇرۇم ياكى نېپىز چەم ئېلى-نىپ، ئاندىن باشلىق تارتىلىدۇ.



27. تېگىن ــ قېلىپ بىلەن پۇشتەك ئارىلىقىغا قېقىلىپ، ئاياغ كىيىمىنىڭ دۈمبىسى قىستايدىغان كەمچىلىكىنى تۈگە-تىش رولىنى ئوينايدۇ.

28. شاڭ قېلىپ ــ ئۆتۈكنىڭ قونچىغا خاس قېلىپ بولۇپ، ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئۆتۈكنىڭ قونچىنى كېڭەيتىش، پەردازلاش، كەينى چاكىنىڭ ئېڭىنىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ ئالدى شاڭ، ئارقا شاڭ، ئارا شاڭ دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

شاڭ قېلىپ

29. پانا ــ ئالدى شالڭ بىلەن ئارا شالڭ ئارىلىقىغا قېقىلىدىغان بوۋۇم.

30. زىغزىق ــ ئۆتۈك قونچىنى تىككەندە، ئىككى پارچە خورۇمنىڭ ئارىسىغا ئېلىنىدىغان خورۇم تاسما، ئادەتتە چوڭلار، ياشانغانلارنىڭ ئۆتۈكىنىڭ چېكىنى تىكىشتە ئېلىنىدۇ.

31. قوم چاق ــ ئىستەلكىگە چەم چاپلاشتا، ئاياغلارنىڭ چەمىنى پەردازلاش، سىلىقلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا بولۇپ، توك ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ. قوم چاقتىن ئىلگىرى قوم قەغەز ئارقىلىق يۇقىرىقى مەشغۇلاتلار ئورۇندىلاتتى.

32. چىگداش ماشىنىسى ــ يەملىمە ئاياغنىڭ چەم ۋە پاشىنىسىنى قاتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ھاۋا بېسىمى ئارقىلىق چىگداش مەقسىتىگە يېتىدىغان قورال.

33. قايچا ــ ئاياغ رەختىنى، ئەستەرلىكلەرنى كېسىشتە ئىشلىتىلىدۇ.

34. بىلەي ــ موزدوزلۇق ئەسۋابلىرى گاللىشىپ قالغاندا ئىتتىك قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاش. ئۇ سىلىق بىلەي، يىرىك بىلەي دەپ ئايرىلىدۇ.



چىگداش ماشىنىسى



قوم چاق

# ئاياغ باشلىقىنى كېسىش ۋە تىكىش

ئاياغ تىكىشتە ئاياغ رەختلىرىنى كېسىش ـ پىچىش قولدا كېسىش، ماشىنا ئارقىلىق كېسىش ۋە كومپيۇتېر ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىغان ئاپتوماتىك كېسىمچىلىك پىچىقىدا كېسىش قاتارلىق ئۈچ خىل بولىدۇ.

## 1. كېسىش ـ پىچىش قوراللىرى

قولدا كېسىش قوراللىرى سىماب قەلەم، قايچا، ئۈچ بۇرجەك پىچاق، تەگلىك تاختاي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ماشىنا ئارقىلىق كېسىش قوراللىرى كېسىش قېلىپى، سۇيۇقلۇق بېسىمى ئارقىلىق كېسىش ماشىنىسى، ھەرىكەتچان بىلەكلىك كېسىش ماشىنىسى، پىچاق بېسى ھەرىكەتلىنىدىغان كېسىش ماشىنىسى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۈز تەكشىلىك كېسىش ماشىنىسى، قەغەز كېسىش ماشىنا قايچىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.



بىلەي



قايچا

ئاپتوماتلاشقان كېسىش ماشىنىسى كومپيۇتېر ئارقىلىق كونترول قىلىنىـ



سۇيۇقلۇق بېسىمى ئارقىلىق كېسىش ماشىنىسى

دىغان ھەرىكەتچان باشلىق كېسىش ماشىنىسى، لازېر نۇرلۇق كېسىش ماشىنىسى، كومپ- يۇتېرلىق كېسىش ماشىنى- سى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

## 2. كېسىمچىلىك ئىش تەرتىپى ۋە ھۈنەر - سەنئەت تەلپى

### 1) قولدا كېسىش

قولدا كېسىشنىڭ ئىش تەرتىپى مۇنداق:

ئاياغنىڭ ئەندىزە قۇرۇلمىسىنى پىششىق ئىگىلەش ← ماتېريال ئېلىش ← ماتېريال سەپلەش ← ماتېريالنىڭ زەخىملەنگەن قىسىملىرىغا بەلگە قويۇش←كىرىشتۇرۇپ سىزىش ← نومۇر قويۇش ← كېسىش ← نومۇرغا ئايرىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش.

( 1 ) ئاياغنىڭ ئەندىزە قۇرۇلمىسىنى پىششىق ئىگىلەش: ئاياغلارنىڭ پاسونى خىلمۇ خىل بولغاچقا، ھەر قايسى بۆلەكلەرنىڭ شەكلىمۇ خىلمۇ- خىل بولىدۇ. بۇنىڭدا بىر تۈتاش ئىشلىتىلىدىغان ئەندىزە بولمايدۇ. كىرىش-





تۇرۇپ سىزىشتىن ئاۋۋال ئاياغنىڭ ئەندىزىسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئەڭ ياخشى كىرىشتۇرۇپ سىزىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىش كېرەك. ئاساسلىق بۆلەكلەرنىڭ ئەندىزىسىنى پىششىق ئىگىلىگەندىلا، كىرىشتۇرۇپ سىزغاندا ھەرگىز قالايمىقان بولۇپ كەتمەيدۇ.

(2) ماتېرىيال ئېلىش: كېسىش پىلانىغا ئاساسەن خام ماتېرىيال ئامبىرىدىن سۈپەت ۋە ماتېرىيالنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن ماتېرىيال ئېلىش كېرەك.

(3) ماتېرىيال سەپلەش: تەبىئىي خۇرۇمنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، يۈزىنىڭ يىرىك ـ سىلىقلىقى، رەڭگىنىڭ ئوچۇق ـ تۇتۇقلۇقى، قېلىن ـ نېپىزلىقى جەھەتلەردە پەرق بولىدىغان بولغاچقا، كېسىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئامباردىن ئېلىپ چىققان خۇرۇملارنى دەرىجىگە ئايرىپ، «ياخشىسى بىلەن ناچىرىنى ماسلاشتۇرۇش» پرىنسىپى بويىچە كىرىشتۇرۇپ سىزىشنى پىلانلىسا بولىدۇ.

(4) خۇرۇمنىڭ زەخىملەنگەن جايلىرىغا بەلگە قويۇش: خۇرۇمنىڭ زەخىم يەتكەن جايلىرىغا سىماب قەلەم، ئالاھىدە قېرىنداش، بور قاتارلىقلار بىلەن بەلگە قويۇش، بەلگىنىڭ توغرىلىقىغا دىققەت قىلىش، زەخىمە يەتكەن جاينىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك ياكى كىچىكلىتىۋەتمەسلىك كېرەك.

(5) كىرىشتۇرۇپ سىزىش: خۇرۇمنىڭ تاشقى تەرىپىنى ئۈستىگە قىلىپ تەگلىك تاختايغا يېيىپ، تەييارلىۋالغان ئەندىزىنى خۇرۇمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كىرىشتۇرۇپ سىزىش ۋە زەخىمە يەتكەن جايلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلىپ، كېسىش لايىھىسىنى بېكىتىش كېرەك. ئەندىزىنى سول قولدا تۇتۇۋېلىپ، ئوڭ قولدا قەلەم ياكى بور بىلەن ئەندىزىنىڭ



ئەتراپىنى چۆرگىلىتىپ ئېنىق سىزىق سىزىش كېرەك.

(6) نومۇر قويۇش: كەسكەندە بىر پارچە خۇرۇمدا بىرلا ۋاقىتتا بىر نەچچە خىل رازمېردىكى باشلىق بۆلەكلىرىنى كىرىشتۈرۈپ سىزىش مۇمكىن، يەنە كېلىپ ھەر خىل باشلىق بۆلەكلىرىنىڭ سانىمۇ ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا خاتالىق كېلىپ چىقىشتىن ساقلىنىش، كېيىنكى ئىش تەرتىپلىرىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەر بىر يۈرۈش باشلىق بۆلىكىنىڭ ئۈستىگە ئاياغنىڭ رازمېرىنى يېزىپ قويۇش؛ نومۇرنى باشلىق بۆلىكىنىڭ كۆزگە چېلىقىپ كەتمەيدىغان يېرىگە ئېنىق، توغرا يېزىش كېرەك.



(7) كېسىش: باشلىق بۆلەكلىرىنى كەسكەندە، سىزىلغان سىزىقنىڭ گىرۋىكىنى بويلاپ كېسىش، كىرىشتۈرۈپ سىزغان سىزىقنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. ئەگەر قوشنا ئىككى بۆلەكنىڭ گىرۋەك سىزىقلىرى ئۈستمۇئۈست چۈشۈپ قالسا، سىزىقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن كېسىش، ئەگەر ئىككى بۆلەكنىڭ قىسمەن جايلىرى ئۈستمۇئۈست چۈشۈپ قالسا، مۇھىم بۆلەكنىڭ مۇكەممەللىكىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك.

(8) نومۇرغا ئايرىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش: كېسىپ تەييارلانغان بۆلەكلەرنى مال نومۇرى بويىچە تۈرگە، رازمېرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بويىچە دەرىجىگە ئايرىپ، سانىنى ئېنىق ئالغاندىن كېيىن رەتلىك باغلاپ قويۇش كېرەك.





## 3. كېسىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش پرىنسىپى

مەيلى تەبىئىي خۇرۇم ياكى بىرىكمە ماتېرىيال بولسۇن، ئەگەر ماتېرىيال ياخشى، بۆلەكلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى زىچ، زەخىمە يېگەن جايلىرىدىن پايدىلىنىش توغرا بولسىلا، ماتېرىيالدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ؛ ئەگەر ئەكسىچە بۆلەكلەرنى كىرىشتۈرۈپ سىزىش نامۇۋاپىق ھەم زىچ بولمىسا، زەخىمە يېگەن جايلاردىن توغرا پايدىلىنىلمىسا، ماتېرىيال ئىسراپ بولۇپلا قالماستىن، يەنە مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر يېتىدۇ.

تەبىئىي خۇرۇم ئاساسلىق ئاياغ ماتېرىيالى بولۇپ، ئۇنىڭ تەننەرخى خام ماتېرىيال ئومۇمىي تەننەرخىنىڭ % 50 – % 70 ىنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا تەبىئىي خۇرۇم ماتېرىياللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەھسۇلاتنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

كېسىش ئۈنۈمىنى ۋە خام ماتېرىيالدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى مۇنداق:

### 1) ئاۋۋال ئاساسلىقلىرىنى، ئاندىن قوشۇمچىلىرىنى كېسىش

ئاياغ بۆلەكلىرى ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە دەپ بۆلۈنىدۇ. ئاساسلىق بۆلەكلەر باشلىق ۋە چەملەرنى، يەنى ئالدى باشلىق، ئۈستى باشلىق، يان باشلىق، چەم، ئىستەلكە، پاشنا، قاتۇرما قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بۆلەكلەر ئاياغ



ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەھسۇلاتنى كىيىش، ئىشلىتىش جەريانىدا زور بېسىم-غا ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇ بۆلەكلەرگە ئىشلىتىلىدىغان كۆن - خۇرۇملار ياخشى فىزىكىلىق، مېخانىكىلىق ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئاياغ تىلى، ئىستەلكە، كەينى باشلىق ئەستىرى قاتارلىقلار قوشۇمچە بۆلەكلەرگە تەۋە بولۇپ، ئاياغ ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەھسۇلاتنى كىيىش، ئىشلىتىش جەريانى-دا ئۇچرايدىغان بېسىم ئانچە چوڭ ئەمەس. شۇڭا ئاساسلىقلىرىنى ئالدى بىلەن قوشۇمچە بۆلەكلەرنى كېيىنكى قېتىمدا كېسىش كېرەك.

## 2 ) ئاۋۋال چوڭلىرىنى، ئاندىن كىچىكلىرىنى كېسىش

تەبىئىي خۇرۇمنىڭ شەكلى، چوڭلۇقى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇنىڭ زەخمىسىنىڭ چوڭقۇر - تېيىزلىقى، ئورنى، چوڭ - كىچىكلىكىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. يەنە كېلىپ ئاياغنىڭ رازمېرى چوڭ - كىچىك، ئاياغ بۆلەكلىرى-نىڭ شەكلى، چوڭ - كىچىكلىكى، سۈپىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا كىرىشتۇرۇپ سىزغاندا ئاۋۋال چوڭ رازمېرلىق، چوڭ بۆ-لەكلەرنى سىزىش ھەم كېسىش، بۆلەكلەر ئۇچرايدىغان كۈچنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە يۆنىلىشى قاتارلىق مېخانىكىلىق ئىقتىدار مەسىلىلىرىنى ئويلىشىپلا قالماستىن، يەنە زەخىمە يېگەن جايلاردىن قېچىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشنىمۇ ئويلىشىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر سىزىل-غان چوڭ بۆلەكنى تەكشۈرگەندە سۈپەت مەسىلىسى كۆرۈلسە، ئۇنى كىچىك بۆلەككە ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. چوڭ بۆلەكلەر سىزىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەگەر چوڭ بۆلەكلەر ئارىسىدا بوشلۇق چىقىپ قالغان بولسا، مۇشۇ بوش جايلارغا قوشۇمچە ماتېرىياللارنى سىزىش، ئىمكانقەدەر ماتېرىيالدىن تولۇق

پايدىلىنىش كېرەك.

## 3) ياخشىسى بىلەن ناچىرىنى ماسلاشتۇرۇش

بىر تۈركۈم تەبىئىي خۇرۇملارنىڭ يۈزىنىڭ يىرىك ـ سىلىقلىقى، رەڭگى، نېپىز ـ قېلىنلىقى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن سۈپىتى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ياخشى خۇرۇملاردىن كۆپرەك ئاساسلىق بۆلەكلەرنى كېسىش، ناچارراق خۇرۇملاردىن كۆپرەك قوشۇمچە بۆلەكلەرنى كېسىش كېرەك.

## 4) زەخىملەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش

باشلىقنىڭ تاشلىقى، ئەستەرلىك ۋە چەملىكلەرنى كىرىشتۈرۈپ سىزىشتا ماتېرىيالنى ئۆكسىتىپ قويماسلىق، ئاۋۋال ئاساسلىقلىرىنى، ئاندىن قوشۇمچىلىرىنى كېسىش، ئاۋۋال چوڭلىرىنى، ئاندىن كىچىكلىرىنى كېسىش، ياخشىسى بىلەن ناچىرىنى ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق پرىنسىپلارغا رىئايە قىلغاندىن باشقا، يەنە زەخىملەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. زەخىمە دېگەندە خۇرۇمنىڭ قۇرت يېگەن، جىجىلغان، يېنىك دەرىجىدە بوشاپ كەتكەن، يېرىلغان جايلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاياغنىڭ باشلىقىدا، ئەگەر خۇرۇمنىڭ زەخىمىسى باشلىق ئايىغىغا توغرا كېلىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭدا ھېچقانداق مەسىلە يوق، چۈنكى باشلىق ئايىغى ئىستەلكە بىلەن تاشقى چەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىنىپ كېتىدىغان بولغاچقا، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ۋە كۆركەملىكىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. زەخىملەردىن پايدىلىنىشقا بولىدىغان باشقا ئورۇنلار: بۆلەكلەرنىڭ ئۆز ئارا چېتىلىدىغان جايلىرى، پۈكۈلىدىغان قىسمى، تاۋار ماركىسى بېسىلىدىغان ئورۇن، ئاياغ تىلى قاتارلىقلار.



ئاياغنىڭ چەم بۆلەكلىرىنىڭ رولىدىن قارىغاندا، ھەممە چەم بۆلەكلىرىگە قويۇلىدىغان تەلەپ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى بۆلەكلەردىن سۇركىلىشكە چىداملىق بولۇش، ئېلاستىكلىقى بولۇش، سوزۇلۇشچان بولۇش تەلەپ قىلىنسا، بەزى بۆلەكلەردىن قاتتىق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، يەنە بەزى بۆلەكلەرگە قېلىنلىق دەرىجىسى جەھەتتە پەۋقۇلئاددە تەلەپ قويۇلىدۇ. شۇڭا، چەمنىڭ ئوخشاش بولمىغان بۆلەكلىرى ئۆزىنىڭ ئوينايدىغان رولىغا ئاساسەن سۈپىتىگە تەلەپ قويىدۇ. مەھسۇلات سۈپىتى ۋە كۆركەملىكىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئاساسىدا، ئۇلاش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تۇرلۇك زەخىملەردىن تولۇق پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

زەخىملەردىن توغرا پايدىلىنىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

(1) باستۇرۇۋېتىش ئۇسۇلى: بۇ چەملىكتىكى بەزى يېنىك دەرىجىدىكى زەخىملەرنى ئاياغ پۈتكەندىن كېيىن يېپىپ بېسىلىپ كېتىدىغان ياكى سىرتقا كۆرۈنۈپ قالمايدىغان قىسىملىرىغا ئىشلىتىشنى كۆرسىتىدۇ. چەملىكتىكى يېنىك دەرىجىدىكى زەخىمە يىرىك بولۇش، قورۇلۇش، جىجىلىش، قۇرت يېيىش، رەڭگى ئۆڭۈش قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ خىلدىكى زەخىملەرنىڭ ئالاھىدىلىكى: زەخىمە كۆن ـ خۇرۇمنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزمىگەن بولۇپ، بەلگىلىك قاتتىقلىق ۋە قېلىنلىقلىقتا ئىگە، شۇغىنىسى كۆرۈنۈش جەھەتتىن بۇزۇلغان بولىدۇ. شۇڭا چەملىك بۆلەكلىرىنىڭ سۈپەت تەلىپىگە ئاساسەن، بۇ خىلدىكى زەخىملەرنى باستۇرۇۋېتىشكە بولىدۇ.

(2) ئۇلاش ئۇسۇلى: تەبىئىي چەملىكنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، زەخىمىنىڭ ئورنى، چوڭقۇر ـ تېيىزلىقى، چوڭ ـ كىچىكلىكى قاتارلىقلار ئوخشاش بولمىغاچقا، چوڭراق بۆلەكلەرنى كەسكەندە كۆپىنچە ھاللاردا زىچ كىرىشتۈرۈپ سىزىشقا ئىمكان بولمايدۇ. چەملىكتىن تولۇق پايدىلىنىش

ئۇچۇن، چوڭ بۆلەكلەردىن ئېشىپ قالغان ماتېرىياللارنى بىر ـ بىرىگە چېتىش، ئۇلاش ئارقىلىق، زەخىملەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، چەم كەسكەندە، ئالدى چەمنىڭ سۇپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، پاشنا چەمگە چېتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاياغنىڭ ئاپقۇتىنىمۇ چېتىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

## 5) مۇۋاپىق كىرىشتۇرۇپ سىزىش

ئاياغنىڭ باشلىق بۆلەكلىرى ۋە چەم بۆلەكلىرىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل، قانۇنىيەتسىز كېلىدىغان بولغاچقا، بۆلەك بىلەن بۆلەك ئارىسىدا يۈزدە يۈز جىپسىلىشىدىغان، ھەرگىز يوچۇق قالمايدىغان ئەھۋال بولمايدۇ، بۇ ئەھۋال مۇقەررەر خام ماتېرىيال ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تەبىئىي كۆن ـ خۇرۇملارنىڭ شەكلى قانۇنىيەتسىز، بەزى جايلىرى سۈپەتسىز، يۈزى زەخىمە يېگەن بولغاچقا، بۇ ئامىللار ئوخشاشلا ماتېرىيالدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، مۇۋاپىق كىرىشتۇرۇپ سىزىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەش كېسىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەھسۇلات تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان كىرىشتۇرۇپ سىزىش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) تۈز يۆنىلىشتە پاراللېل كىرىشتۇرۇپ سىزىش ئۇسۇلى: تۈز يۆنىلىشتە پاراللېل كىرىشتۇرۇپ سىزىش ئۇسۇلىدا كېسىلگەن بۆلەكلەر ھۈنەر ـ سەنئەت تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، كېسىلگەندىن كېيىن قېپقالغان قىسمىنىڭ گىرۋەكلىرى تۈز ھەم رەتلىك، باشقا بۆلەكلەرنى كىرىشتۇرۇپ سىزىش-

قا پايدىلىق. بۇ خىل كىرىشتۈرۈپ سىزىش ئۇسۇلى ئالدى باشلىق، كەينى باشلىق، ئاياغ تىلى، تاشقى چەم، ئىستەلكە، دەستەك، ئاياغ تۇمشۇقى قاتارلىق بۆلەكلەرنى كېسىشتە قوللىنىلىدۇ.

( 2 ) يانتۇ يۆنىلىشتە پاراللېل كىرىشتۈرۈپ سىزىش ئۇسۇلى: يانتۇ يۆنىلىشتە پاراللېل كىرىشتۈرۈپ سىزىش ئۇسۇلى يەنە يانتۇ شەكىلدە كىرىشتۈرۈپ سىزىش ئۇسۇلى، پەلەمپەيسىمان كىرىشتۈرۈپ سىزىش ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا بۆلەكلەرنىڭ تىزىلىش يۆنىلىشى پاراللېل كېلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا بۆلەكلەرنى زىچ كىرىشتۈرۈپ سىزغىلى بولىدۇ، كېسىلگەن بۆلەكلەرمۇ هۈنەر ـ سەنئەت تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. كەسكەن ۋاقىتتا، ئۇلاق، سول پۇت ئاياغلىرىنىڭ بۆلەكلىرى بويىچە كېسىلىدىغان بولغاچقا، بىر جۈپ ئاياغنىڭ ماتېرىيالىنىڭ يىرىك ـ سىلىقلىقى، رەڭگى، تالا تۈزۈلۈشى، چىدامچانلىقى ۋە قېلىنلىقى قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەر ئاساسەن ئوخشاش كېلىدۇ. كۆپىنچە هاللاردا ئالدى باشلىق، تاشقى چەم، ئىستەلكە، ئاياغ تۇمشۇقى قاتارلىق




تۈز يۆنىلىشتە پاراللېل كىرىشتۈرۈپ سىزىش ئۇسۇلى

a ـ ئاياغ تىلى؛ b ـ تۇمشۇق قاتۇرما؛ c ـ ئاپقۇت قاتۇرما




3.6 ـ سۈرەت: يانتۇ يۆنىلىشتە پاراللېل كىرىشتۈرۈپ سىزىش ئۇسۇلى.

a ـ ئالدى باشلىق؛ b ـ تۇمشۇق قاتۇرما

بۆلەكلەرنى كېسىشتە قوللىنىلىدۇ.

( 3 ) « 人 » خېتى شەكلىدە كىرىشتۈرۈپ سىزىش ئۇسۇلى: بۇ خىل ئۇسۇلدا بۆلەكلەر « 人 » خېتى شەكلىدە تىزىلىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا شەكلى ئاددىي، ئاسان زەربىگە ئۇچرىمايدىغان ئاياغ تۇمشۇقى، ئاياغ تىلى، ئۆتۈكنىڭ كەينى باشلىقى، كالتە پېتەك قاتارلىقلارنى كېسىشتە قوللىنىلىدۇ.




« 人 » خېتى شەكلىدە كىرىشتۈرۈپ سىزىش ئۇسۇلى.

a ) كالتە پېتەك؛ b ) كەينى باشلىق

( 4 ) پەرقلىق ئارىلىقتا داۋاملاشتۇرۇپ كىرىشتۇرۇپ سىزىش ئۇسۇلى: بۇ خىل ئۇسۇلدا بۆلەكلەر تۈز ياكى يانتۇ يۆنىلىشتە تىزىلىدۇ، قويۇلغان ئارىلىقى ئوخشاش بولىدۇ، ئارىسىغا بىر ياكى بىر قانچە بۆلەك قىستۇرۇلۇپ، داۋاملىق سىزىلىدۇ. كۆپىنچە ئۆتۈك قونچى قاتارلىق بۆلەكلەرنى كېسىشتە قوللىنىلىدۇ.




5.6 ـ سۈرەت: پەرقلىق ئارىلىقتا داۋاملاشتۇرۇپ كىرىشتۇرۇپ سىزىش ئۇسۇلى.
a ) كەينى باشلىق؛ b ) يان باشلىق

## 6 ) باشقۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

كېسىش سېخىدىكى خادىملار كېسىمچى ۋە كېسىشنى باشقۇرغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كېسىمچىلەر چوقۇم خۇرۇم ماتېرىياللىرىنى تاللىيالايدىغان ۋە كىرىشتۇرۇپ سىزىش تېخنىكىسىغا ماھىر بولۇشى؛ كېسىشنى باشقۇرغۇچى خادىملار چوقۇم تەننەرخنى كونترول قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى پىششىق ئىگىلىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

كېسىشنى باشقۇرغۇچى خادىملاردا چوقۇم كەسپىي بىلىم، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سەزگۈرلۈك ۋە سانلارغا بولغان چۈشەنچە بولۇشى كېرەك. كېسىمچىلەر چوقۇم كۆن ـ خۇرۇملارنىڭ خۇسۇسىيىتى، يەنى كۆن

ـ خۇرۇملارنىڭ سۈپەت دەرىجىسى، بۆلەكلەرنىڭ كۈچكە ئۇچراش يۆنىلىشىنىڭ خۇرۇمنىڭ ئىقتىدارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى پىششىق بىلىشى؛ كىرىشتۈرۈش سىزىش تېخنىكىسى، يەنى تۈز يۆنىلىشتە پاراللېل كىرىشتۈرۈپ سىزىش ئۇسۇلى، يانتۇ يۆنىلىشتە پاراللېل كىرىشتۈرۈپ سىزىش ئۇسۇلى، «八» خېتى شەكلىدە كىرىشتۈرۈپ سىزىش ئۇسۇلى، پەرقلىق ئارىلىقتا داۋاملاشتۇرۇپ كىرىشتۈرۈپ سىزىش ئۇسۇلى قاتارلىق مۇۋاپىق كىرىشتۈرۈپ سىزىش ئۇسۇللىرىنى پۇختا ئىگىلىشى كېرەك.

## 4. سەرپىيات نورمىسىنى بېكىتىش ئۇسۇلى

چوڭ كۆلەملىك ئاياغ ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئادەتتە ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتنى باشقۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ماتېرىيالنىڭ سەرپىيات نورمىسىنى بېكىتىپ قويىدۇ. سەرپىيات نورمىسى ئىچىدە، ئاياغ رەختلىرىنىڭ سەرپىيات نورمىسى بەكرەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، چۈنكى ئاياغ رەختلىرىنىڭ تەننەرخى ئومۇمىي خام ماتېرىيال تەننەرخىنىڭ 60% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

### 1) سەرپىيات نورمىسىنى بېكىتىشنىڭ ئەھمىيىتى

سەرپىيات نورمىسىغا ئاساسەن، كارخانىلار پىلانلىق ھالدا خام ماتېرىيال سېتىۋالالايدۇ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ، ماتېرىياللارنىڭ ئىسكىلاتتا بېسىلىپ قېلىشىنى ئازايتىدۇ؛ مەھسۇلات تەننەرخى ۋە پايدىنى ھېسابلاشقا قولايلىق بولۇپ، كارخانىنىڭ ئىلمىي باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ؛ خادىملارنىڭ تېخنىكا



سەۋيىسىنى باھالاش ئارقىلىق، ئۇلارنى تېخنىكا سەۋيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، مەھسۇلاتنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ.

## 2) سەرپىيات نورمىسىنى بېكىتىش ئۇسۇلى

(1) سىناق قىلىپ بېكىتىش ئۇسۇلى: تەييارلىنىۋالغان ئەندىزە بىر پارچە خۇرۇم ئۈستىگە قويۇپ كىرىشتۇرۇپ سىزىلىدۇ. كىرىشتۇرۇپ سىزغاندا، ئاۋۋال چوڭلىرىنى، ئاندىن كىچىكلىرىنى سىزىش، ئاۋۋال ئاساسلىقلىرىنى، ئاندىن قوشۇمچىلىرىنى سىزىش، ياخشىسى بىلەن ناچىرىنى ماسلاشتۇرۇش، مۇۋاپىق كىرىشتۇرۇپ سىزىش، زەخمىلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، خۇرۇم سىزىقنى بويلاپ كېسىش قاتارلىق پرىنسىپلارغا قاتتىق ئەمەل قىلىش، ھېسابلاشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، ئىمكانقەدەر جۈپ بويىچە سىزىش ۋە تىكىش كېرەك. ئەگەر جۈپ قىلىپ سىزالمىسا، ئاشقان ماتېرىياللارنى يىغىپ، تۆۋەندىكى فورمۇلا بويىچە ھېسابلاپ چىقسا بولىدۇ:

$$S = (m_1 - m_2) \div n$$

فورمۇلىدا: $S$ — سەرپىيات نورمىسى؛ $m_1$ — ئەسلىي ماتېرىيالنىڭ يۈزى؛

$m_2$ — ئاشقان ماتېرىيالنىڭ يۈزى؛ $n$ — كىرىشتۇرۇپ سىزىلغان جۈپ سانى

بۇ خىل ئۇسۇل ئاددىي، تېز، بۇ خىل ئۇسۇلدا بېكىتىلگەن نورما بىر قەدەر توغرا ھەم ئەمەلىي قوللىنىشچان بولۇپ، ئاز مىقداردا، كۆپ خىل نۇسخىدا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ماس كېلىدۇ.

(2) ھېسابلاش ئۇسۇلى: سىناق قىلىپ بېكىتىش ئۇسۇلىدىكى ھېسابلاش فورمۇلىسىنى مۇنداق ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ:

$S = (m_1 + m_2) \div n$

فورمۇلىدا: S ــــ سەرپىيات نورمىسى؛ $m_1$ ــــ بىرلىك مەھسۇلاتقا كەتكەن ماتېرىيال؛

$m_2$ ــــ زايە بولغان ماتېرىيال؛ n ــــ كىرىشتۈرۈپ سىزىلغان جۈپ سانى

ئۇنىڭدىن باشقا، مۇنداق ئۇسۇل بار:

تەييارلىنىۋالغان ئاياغ ئەندىزىلىرى بىر پارچە قەغەزگە كىرىشتۈرۈلىدۇ، بۇنىڭدا ئوخشاشلا ئاۋۋال چوڭلىرىنى، ئاندىن كىچىكلىرىنى كىرىشتۈرۈش، ئاۋۋال ئاساسلىقلىرىنى، ئاندىن قوشۇمچىلىرىنى كىرىشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىدۇ ھەمدە ئەندىزىلەر ئىمكانقەدەر تىك تۆت بۇلۇڭ ياكى پاراللېل تۆت تەرەپلىك شەكلىدە تىزىلىدۇ. بىر جۈپ ئاياغنىڭ بۆلەكلىرى كىرىشتۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، بارلىق ئەندىزىلەرنىڭ شەكلى سىزىلىدۇ، پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ يۈزىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق، بىرلىك مەھسۇلاتقا كېتىدىغان خام ماتېرىيال ھېسابلاپ چىقىلىدۇ.



سەرپىيات نورمىسىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى

يەنى:

$$S = m_1 + m_2 = m_1 \times (1 + \chi)$$

فورمۇلىدا: S ــــ سەرپىيات نورمىسى؛ $m_1$ ــــ بىرلىك مەھسۇلاتقا كېتىدىغان ماتېرىيال؛

$m_2$ ــــ زايە بولغان ماتېرىيال؛ $\chi$ ــــ زىيان نىسبىتى.

## 3 ) زايە بولۇش نىسبىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار

( 1 ) بۆلەكلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە شەكلى: چوڭ بۆلەكلەر (مەسىلەن، ئۆتۈكلەرنىڭ قونچى، باشلىقى، پۈتۈن ئاياغلارنىڭ ئالدى باشلىقى قاتارلىقلار) نىڭ ئىگىلەيدىغان ئورنى چوڭ ۋە ئاياغ، ئۆتۈكلەردىكى ئورنى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، ئازراقمۇ زەخىمە بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن، كۆن ـ خۇرۇمنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ، زايە بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ كېتىدۇ؛ كىچىك بۆلەكلەر ( مەسىلەن، پاشنا تاسمىسى، ئاياغ تىلى قاتارلىقلار ) نىڭ ئىگىلەيدىغان ئورنى كىچىك، زەخىملەردىن پايدىلىنىش ئاسان بولغاچقا، كۆن ـ خۇرۇملاردىن پايدىلىنىش نىسبىتى يۇقىرى، زايە بولۇش نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، زايە بولۇش نىسبىتىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بۆلەكلەرنىڭ شەكلى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر بۆلەكلەرنىڭ شەكلى رەتلىك، كىرىشتۇرمەك ئاسان بولسا، كېسىش ئۈنۈمى چوڭ بولىدۇ؛ ئەگەر بۆلەكلەرنىڭ شەكلى رەتسىز، كىرىشتۇرۇش ئەپسىز بولسا، كېسىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ. مەسىلەن، ئەنئەنىۋى ئۈچ بۆلەك ئارقىلىق پۈتىدىغان ئاياغلارنىڭ چېتىش تىكىشى تۈز سىزىق ياكى تۈز سىزىققا يېقىنلىشىدۇ، بۆلەكلەرنى كىرىشتۇرمەك ئاسان ھەم زايە بولۇش نىسبىتى تۆۋەن؛ لېكىن





ئىتالىيە پاسونىدىكى ئاياغلارنىڭ ئالدى باشلىقى قارلىغاچ قانىتى شەكلىدە بولۇپ، كىرىشتۈرۈپ سىزماق تەس، زايە بولۇش نىسبىتى يۇقىرى.

( 2 ) تەبىئىي كۆن ـ خۇرۇمنىڭ دەرىجىسى ۋە سۈپىتى: تەبىئىي كۆن ـ خۇرۇمنىڭ دەرىجىسى ۋە سۈپىتى يۇقىرى بولغانسېرى، ماتېرىيالدىن پايدىلىنىش نىسبىتى شۇنچە چوڭ بولىدۇ. شۇڭا ئەلا سۈپەتلىك خۇرۇملارنىڭ زايە بولۇش نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ، خۇرۇمنىڭ دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ زايە بولۇش نىسبىتىمۇ مۇناسىپ چوڭىلايدۇ. بەزى ئەھۋاللاردا گەرچە خۇرۇمنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن زەخىمنىڭ چوڭقۇر ـ تېيىزلىقى، چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە تارقىلىش ئەھۋالى مەلۇم خىل بۆلەك ياكى مەلۇم خىل مەھسۇلاتنى كىرىشتۈرۈشكە ماس كەلمەيدۇ ـ دە، ماتېرىيالنىڭ زايە بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن زايە بولۇش نىسبىتىنى جانلىق تەڭشەش لازىم.

( 3 ) مەھسۇلاتنىڭ تۈرى ۋە دەرىجىسى: مەھسۇلاتنىڭ تۈرى ۋە دەرىجىسى ئوخشاش بولمىسا، ئۇنىڭ سۈپىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن خۇرۇمدىن پايدىلىنىش نىسبىتىدىمۇ مۇقەررەر ھالدا پەرق بولىدۇ. ئالىي دەرىجىلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغاندا، خۇرۇمغا قويۇلىدىغان تەلەپ يۇقىرى بولغاچقا، خۇرۇمدىن پايدىلىنىش نىسبىتى تۆۋەن، زايە بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ؛ تۆۋەن دەرىجىلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغاندا، خۇرۇمغا قويۇلىدىغان تەلەپ يۇقىرى بولمىغاچقا، خۇرۇمدىن پايدىلىنىش نىسبىتى يۇقىرى، زايە بولۇش نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ. بەزى مەھسۇلاتلاردا ( مەسىلەن، ئەمگەك ئايىغى ) مۇناسىپ ھالدىكى قوغداش ئىقتىدارى ( ئېلېكترستاتىكتىن، تېشىلىشتىن، مايدىن، توكتىن ساقلىنىش ئىقتىدارى ) بولۇش ۋە ئەقەللىي سۈپەت تەلىپى ( چەمى ئاجراپ كەتمەسلىك، تىكى-

شى سۆكۈلۈپ كەتمەسلىك، چەمى ئۈزۈلۈپ كەتمەسلىك ) قويۇلىدىغان بولغاچقا، ئاياغنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قويۇلىدىغان تەلەپ ئانچە يۇقىرى بولمايدۇ، خۇرۇمنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

( 4 ) ئاياغ رازمېرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى: ئاياغ رازمېرى ئوخشاش بولمىسا، ئۇنىڭ سەرپىيات نورمىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا ئاياغ ئىشلەپچىقارغاندا، ئاساسىي سەرپىيات نورمىسى تىكلىنىدىغان ئاياغلارنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى بويىچە بېكىتىلىشى كېرەك.

ئومۇمەن ئالغاندا، ھازىر ئاياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولغاچقا، سەرپىيات نورمىسىنى بېكىتكەندە مەھسۇلاتنىڭ دەرىجىسى، بۆلەكلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، شەكلى، خۇرۇمنىڭ دەرىجىسى، سۈپىتى قاتارلىق ئامىللارنى ئەتراپلىق ئويلىشىپ، خۇرۇمنىڭ زايە بولۇش نىسبىتىنى جانلىق تەڭشەپ، توغرا، مۇۋاپىق، ئەمەلىي بولغان سەرپىيات نورمىسىنى بېكىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

## 5. ئاياغ باشلىقىنى تىكىش

ئاياغ باشلىقىنى قۇراشتۇرۇش ئاياغ ئىشلەپچىقىرىشىدىكى مۇھىم تەشكىلىي قىسىم بولۇپ، كېسىپ ۋە تېخنىكىلىق بىر تەرەپ قىلىنىشلار ئارقىلىق تەييارلانغان باشلىق بۆلەكلىرىنى بەلگىلىك ھۈنەر ـ سەنئەت ۋاستىسى ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە چېتىپ، قۇراشتۇرۇپ، مۇكەممەل ئاياغ باشلىقى ھالىتىگە كەلتۈرۈش جەريانىدۇر. ئاياغ كارخانىلىرىدا كۆپىنچە ھاللاردا ئاياغ باشلىقى كېسىش، تىكىش ئىش ھالقىلىرى بىر سېخقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.



## 1) تىكىش ماشىنىلىرى

ئەنئەنىۋى موزدۇزلۇقتا باشلىق تىكىش يىڭنە ۋە يىپ ئارقىلىق تاماملىناتتى. پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھازىر تۈرلۈك تىكىش ماشىنىلىرىدا تىكىلىدىغان بولدى. تىكىش ماشىنىلىرىدا تىكىكەندە مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى، كۆركەملىكى، ئىش سۈرئىتى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم قاتارلىق جەھەتلەردە كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. تىكىش ماشىنىلىرىدىن ئادەتتە يەككە يىڭنى-




يەككە يىڭنىلىق ئىگىز باشلىق تىكىش ماشىنىسى



لىق ئېگىز باشلىق تىكىش ماشىنىسى، قوش يىڭنىلىق ئېگىز باشلىق تىكىش ماشىنىسى، ئەگرى تىكىشلىك تىكىش ماشىنىسى، تۈز تىكىشلىك تىكىش ماشىنىسى، جىيەك پەرلەش ماشىنىسى قاتارلىقلار بار.



تۈز تىكىشلىك تىكىش ماشىنىسى

خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئاياغ ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى تىكىش ماشىنىلىرىغا تۈرلۈك كىچىك تىپتىكى ياردەمچى قوراللارنى سەپلەپ ئىشلىتىدۇ.

تۈز تىكىشلىك تىكىش ماشىنىسى نېپىز، ئوتتۇراھال، قېلىن رەختلەردىن كىيىم ـ كېچەك، ئاياغ، باش كىيىم، خۇرۇم بۇيۇملار، چامادان، سومكا قاتارلىقلارنى تىكىشكە ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ تۈز سىزىقلىق تىكىش سۈرئىتى تېز بولۇپ، مەشغۇلاتى ئاددىي، ئاسانلىقچە كاشىلا كۆرۈلمەيدۇ، تىكىچى پۇختا، چىرايلىق چىقىدۇ.

## 2 ) باشلىق تىكىشتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان باشقا ئۈسكۈنىلەر

( 1 ) شىلىش ماشىنىسى: باشلىق بۆلەكلىرىنىڭ تىكىلىدىغان گىرۋەكلىرىنى شىلىپ، نېپىز ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. شىلىش ماشىنىسى بولمىسا، بەلچە بىلەن شىلىپ نېپىزلىتىلىدۇ. مەشغۇلات تەرتىپى: ئالدى بىلەن شىلىنىدىغان گىرۋەكنىڭ شىلىش يانتۇلۇقى، كەڭلىكى، قېلىنلىقى بېكىتىلىدۇ. ئاندىن قوم چاق بىلەن شىلىش پىچىقىنىڭ ئارىلىقى ماتېرىيالنىڭ

قېلىنلىقىغا ماس ھالدا تەڭشىلىدۇ، ئاندىن ماتېريال مەزكۇر ئارىلىقتا يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ.




شىلىش ماشىنىسى

(2) قېلىپقا تارتىش ماشىنىسى: ئاياغ باشلىقىنىڭ باشلىق چۆرىسى بىلەن ئىستەلكىنى تىكىشكە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل ماشىنا بولمىغان ئەھۋالدا، باشلىق تارتما ئامبۇر بىلەن قېلىپقا چىڭ تارتىلىپ، باشلىق چۆرىسىنىڭ ئىستەلكىگە چاپلىنىدىغان قىسمىغا شىلىم سۈركىلىدۇ ۋە مىخ قېقىلىپ مۇستەھكەملىنىدۇ.




قېلىپقا تارتىش ماشىنىسى

(3) شىلىم سۈركەش ماشىنىسى: ئاياغ باشلىقىغا ئاپتوماتىك ھالدا شىلىم سۈركەيدۇ. قول بىلەن ئىشلىگەندە، چوتكا بىلەن شىلىم سۈركىلىدۇ.

(4) پىستان بېكىتىش ماشىنىسى: باشلىققا تۈرلۈك مېتال پىستان ۋە

كۆزلەرنى ئورنىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

( 5 ) پەرداز ماشىنىسى: قايچا ئارقىلىق باشلىقنىڭ ئارتۇق چىقىپ قالغان يېرىنى كېسىۋېتىش، رېزىنكە چەمنىڭ ئارتۇق جايلىرىنى قىرقىۋې- تىش، سىلىقلاش مەشغۇلاتىنى تاماملايدۇ.



شىلىم سۈركەش ماشىنىسى




پەرداز ماشىنىسى





## ئاياغ تىكىش ھۈنەر ـ سەنئەت تەرتىپى

ئاياغنىڭ تۈرلىرى كۆپ، پاسونىمۇ خىلمۇخىل بولىدۇ. بىر جۈپ ئاياغنىڭ مۇكەممەللىكى ئۇنىڭ ئومۇمىي لايىھىلىنىشىدە، يەنى بىر پۈتۈن لايىھىسى ۋە ھۈنەر ـ سەنئىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئاياغ كۆرگەزمە بۇيۇمى ئەمەس بەلكى كىشىلەر تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا كىيىدىغان تۇرمۇش لازىمەتلىكى بولغاچقا، زاۋۇتلار تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىدۇ. شۇڭا ئاياغ پاسونىنى لايىھىلىگۈچىلەر ۋە ئاياغ ئىشلەپچىقارغۇچىلار چوقۇم ئاياغ تىكىش ھۈنەر ـ سەنئىتى تەرتىپىنى بىلىشى كېرەك.

ئاياغ تىكىش ھۈنەر ـ سەنئىتى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى بىر خىل مۇرەككەپ تېخنىكا. ئۇ باشلىق تىكىش ھۈنەر ـ سەنئىتى، باشلىق بىلەن چەمنى تۇتاشتۇرۇش ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت لايىھىسى قاتارلىق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

باشلىق تىكىش — خام ماتېرىيالنى ئەندىزىنىڭ تەلىپى بويىچە، باشلىق ئېھتىياجلىق بولغان تۈرلۈك پارچە بۆلەكلەر بويىچە كېسىش، ئاندىن تېخنىكىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش، شەكىلگە كەلتۈرۈش، پارچە بۆلەكلەرنى چېتىپ بىر پۈتۈن ئاياغ باشلىقىنى پۈتتۈرۈپ چىقىرىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

باشلىق بىلەن چەمنى تۇتاشتۇرۇش — ھۈنەر ـ سەنئەت لايىھىسى، تېخنىكا ئۆلچىمى بويىچە، ئىلمىي تېخنىكا ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللارنىڭ



يادىمى ئارقىلىق مۇكەممەل بولغان ئاياغ باشلىقى بىلەن ئاياغنىڭ چەم قىسمىنى ۋە قوشۇمچە بۆلەكلىرىنى بىرىكتۈرۈپ مۇكەممەل ئاياغ ھالىتىگە كەلتۈرۈش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. ھۈنەر ـ سەنئەت لايىھىسى بولسا باشلىق بىلەن چەمنى ئورگانىك بىرىكتۈرۈش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۈچى بىر ـ بىرى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

## 1. ئاياغ تىكىش ھۈنەر ـ سەنئەت تەرتىپى

ئۇسكۇنە ۋە تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردە چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان بولغاچقا، ھەر قايسى ئاياغ كارخانىلىرى ئارا ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىدىغان ھۈنەر ـ سەنئەت تەرتىپىدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر پەرق بولۇشى مۇمكىن.

1 ) ماتېرىيال ئېلىش: ئاياغ رەختى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك قورال ـ سايمانلار تەييارلىنىدۇ.

2 ) كېسىش: ئاياغ ئەندىزىسىگە ئاساسەن، ئاياغنىڭ بارلىق قىسىملىرى قايچا ياكى كېسىش ماشىنىسى بىلەن كېسىپ تەييارلىنىدۇ. تەبىئىي خۇرۇملارنى كېسىش ماشىنىسى بىلەن كەسكەندە، بىر قېتىمدا پەقەت بىرلا قەۋەت ماتېرىيالنى كېسىشكە بولىدۇ. نىلون رەخت، كاناپ رەخت ۋە ئاياغ رەختلىرىنى كەسكەندە، مەزكۇر ماتېرىياللار يۇمشاق بولغاچقا، بىر نەچچە قات رەختنى بىر قىلىپ كېسىشكە بولىدۇ. ئىستەلكىنى كەسكەندىمۇ بىر نەچچە قات ماتېرىيالنى بىرلا ۋاقىتتا تەڭ كېسىشكە بولىدۇ.

3 ) رەختنىڭ سۈپىتى ۋە رەڭگىنى تەكشۈرۈش: بۇ ئاياغ رەختىدە زەخىمە ياكى كەمتۈكلۈك بار ـ يوقلۇقىنى، ئاياغنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرىنىڭ رەڭگىنىڭ ئوخشاش ياكى ئوخشاش ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

4 ) ماتېرىيال تەييارلاش: تىكىلىدىغان ئاياغنىڭ پاسونى ۋە تەلىپى بويىچە كېسىلگەن ئاياغ باشلىقى بۆلەكلىرىگە تاۋار ماركىسى، مال نومۇرى قاتارلىقلار بېسىلىدۇ.

5 ) گىرۋەك شىلىش: ئاياغ باشلىقىنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرىنىڭ چېتىلىدىغان گىرۋەكلىرىنى شىلىش ماشىنىسىدا شىلىپ، يانتۇ ھالەتكە كەلتۈرۈش، نېپىزلىتىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا، تىكىش ماشىنىسى بىلەن تىكىشكە قۇلايلىق، ئاياغ كۆركەم، راھەت بولىدۇ.

6 ) باشلىق بۆلەكلىرىنى چېتىش: كېسىپ تەييارلانغان ھەر قايسى باشلىق بۆلەكلىرىگە ئەستەر چاپلىنىدۇ، ئاندىن تىكىش ماشىنىسى ياكى قول ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە چېتىلىدۇ. بۆلەكلەرنى چاتقاندا، باشلىق بۆلەكلىرىگە قويۇلغان نومۇر ياكى بەلگىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر نومۇرى ماس كەلمىگەن ھالدا چېتىپ قويۇلسا، ئاياغ سۈپەتسىز ياكى ئۆلچەمسىز چىقىپ قالىدۇ. ئاياغ تىكىشى رەتلىك، كۆركەم، سۈپەتلىك بولۇشى، تىكىش ئاتلاپ كەتمىگەن، يىپلىرى چىقىپ قالمىغان بولۇشى كېرەك.

7 ) ئاياغ قېلىپىنىڭ ئاستى تەرىپىگە كېسىپ تەييار قىلىنۋالغان ئىستەلكە مىخلىنىدۇ.

8 ) تۇمشۇق قاتۇرما ۋە ئايقۇت قاتۇرما سېلىپ تەييارلانغان ئاياغ باشلىقى قېلىپ تارتىش ماشىنىسى ياكى تارتما ئامبۇر بىلەن قېلىپقا تارتىلىدۇ.

9 ) ئاياغ پېتىكى بىلەن باشلىق چۆرىسىگە يېلىم سۈركىلىپ، تارتما ئامبۇر ياكى قېلىپقا تارتىش ماشىنىسى ئارقىلىق ئىستەلكىگە مۇقىملىنىدۇ ۋە ئىستەلكىگە قېقىلغان مىخ يۇلۇۋېتىلىدۇ.

10 ) باشلىق چۆرىسى بىلەن تاشقى چەم چاپلىنىدىغان قىسمىنىڭ يۈزى



ئالدى بىلەن قۇم چاقچا سىلىپ يىرىكلىتىلىدۇ. ئاندىن ئاياغ رەختى، تاشقى چەم ماتېرىيالىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن دورا سۈيۈقلۇقى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم يېلىم سۈركىلىدۇ ۋە قاقلاپ ياكى سالقىن جايدا قويۇپ قۇرۇتۇلىدۇ. يېلىم سۈركىگەندە تەكشى، پاكىز بولۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك، ئاياغ رەختى ياكى ئاياغ چەمىنى بۇلغاپ قويۇشقا بولمايدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن چەم چاپلىنىدۇ ھەمدە چىڭداش ماشىنىسىدا چىڭدىلىدۇ.

11 ) قېلىپتىن چىقىرىش: پۈتكەن ئاياغ سوۋۇتۇش ماشىنىسىدا ياكى سالقىن جايدا تۇرغۇزۇلۇپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، قېلىپ تارتىش ماشىنىسى ياكى قېلىپ تارتىش ئىلمىكى ئارقىلىق، قېلىپ ئاياغتىن تارتىپ چىقىرىۋېلىنىدۇ.

12 ) ئاياغ قېلىپتىن ئاجرىتىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئاياغنىڭ ئىچى - سىرتى تازىلىنىدۇ، پەردازلىنىدۇ، ئىچىگە پېتەك چاپلىنىدۇ. بوغقۇچلۇق ئاياغ بولسا بوغقۇچى چېگىلىدۇ. ئىچىگە قەغەز كاللىكى تىقىلىدۇ، ئاندىن چىرايلىق ئوراپ كوروپكىغا سېلىنىدۇ.

تۆۋەندە چاپلىما ئاياغ تىكىش ئىش تەرتىپىنى سۈرەت ئارقىلىق تونۇشتۇرىمىز:



1 ) ئالدى بىلەن تىكىلىدىغان ئاياغنىڭ پاسونىنى ئوبدان لايىھىلەپ، شۇ لايىھە بويىچە ئەندىزە كېسىلىدۇ. ئەندىزە ــ ئاياغ كىيىم پىچىش، تىكىش



ئۇچۇن قىلىنى قەغەز، كاردون ياكى باشقا ماتېرىيال-لاردىن ياسالغان شەكىل. ئۇ باشلىق ئەندىزى، ئاپقۇت ئەن-دىزى، دەستەك ئەندىزى، تۇۋەك ئەندىزى، قونچ ئەندى-زى، چەم ئەندىزى، ئەخمە ئەندىزى، باشلىق تۇمشۇق قا-تۇرما ئەندىزى، پېتەك ئەندى-زى، ئىستەلكە ئەندىزى، قونچ قۇلاق ئەندىزى دېگەنلەرگە بۆلۈنىدۇ. تەييارلى-نىلغان ئەندىزىگە ئاساسەن خۇرۇمدىن باشلىقنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرى پىچىلىدۇ.

2 ) باشلىقنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنى پىچىپ تەييار قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ گىرۋەكلىرى شىلىش ماشىنىسى بىلەن شىلىنىپ، نېپىز ھالەتكە كەلتۈرۈلى-دۇ. ئىلگىرى شىلىش ما-شىنىسى بولمىغاچقا، باشلىق قىسىملىرىنىڭ گىرۋىكى بەلچە بىلەن شى-لىناتتى. گىرۋىكى شىلى-ۋېتىلمىسە، ھەر قايسى قى-سىملارنى چاتقاندا قوپال چىقىپ قېلىپ، ئاياغنىڭ





كۆركەملىكى ۋە سۈپە-
تىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

3 ) چېتىشتىن ئاۋۋال شىلىپ تەييار قىلىنغان گىرۋەك-لەرگە يېلىم سۈركەپ، ئىچىگە پۈكۈپ، بىر - بىرىگە چېتىلىدۇ، ئاندىن ھەر قايسى قىسىملار ئەستەرلىنىدۇ. باشلىقنىڭ ئالدى باشلىقنىڭ ئەستەرلىكىگە كاناپ رەخت ياكى سۇئىي، بىرىكمە رەختلەر، يان باشلىق، كەينى باشلىق ( دەستەك ) ئەستەرلىكلىرىگە بىشۇ ياكى سۇئىي خۇرۇم ئىـ-لىنىدۇ. ئاندىن تىكىش ماشىنىسىدا ئەستايىدىللىق بىلەن چېتىلىدۇ. تىكىش ماشىنىسى مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى، ئۇستىلار يىپ - يىڭنە ئارقىلىق ئۇششاق تىكىپ باشلىق قىسىملىرىنى چاتاتتى.

4 ) ئەگەر ئاياغنىڭ باشلىقىغا بېزەك بويۇملىرى ئورنىتىش توغرا



كەلسە، چەككۈچ، سۇمبە قاتارلىق قوراللار بىلەن بېزىلىدىغان جايلار تېشىلىپ، بېزەك بويۇملار ئورنىتىلىدۇ. ئادەتتە خۇرۇمدىن تۈرلۈك نۇسخا - شەكىل-لەردىكى بېزەكلەر ئىش-



لىنىدۇ، پارقىراق مې-
تاللار ۋە جۇلالىق كۆزلەر
ئورنىتىلىدۇ.

5 ) ھەر قايسى قىسىم-
لار بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ
پۈتكەن باشلىق (زاكتوپ )
قېلىپقا تارتىشتىن ئاۋۋال
سۇ بىلەن نەمدىلىپ، خۇرۇمنىڭ سوزۇلۇشچانلىقى ۋە كېرىلىشچانلىقى ئا-
شۇرۇلىدۇ. كەينى تاشلىقىنىڭ تىكىشىگە باستۇرۇق ئېلىنىدۇ. قېلىپنىڭ
ئاستىغا ئىستەلكە مىخلىنىدۇ. ئاياغنىڭ تۇمشۇق تەرىپى ۋە دەستەكىنىڭ
ئەستىرى بىلەن خۇرۇمى ئارىسىغا قاتۇرما ئېلىنىدۇ. قاتۇرما كۆپىنچە تارشا
ياكى قېپىش چەمدىن ئىشلىنىدۇ. قاتۇرما قىلىشتىن ئاۋۋال يۇمشىتىش
سۇيۇقلۇقىغا چىلاپ يۇمشىتىلىدۇ، بۇرۇن قاتۇرما ئىلمان سۇغا چىلاپ يۇم-
شىتىلاتتى، يۇمشىتىلمىسا ئۇنى ئېگىش ۋە شەكىلگە كەلتۈرۈش تەس. قا-
تۇرما چاپلاشتا بۇغداي ئۇمىچى ياكى گۇرۇچ ئۇمىچى ئىشلىتىلەتتى. ھازىر
ياغاچچىلىقتا ئىشلىتىلىد-
غان يېلىم ئىشلىتىلىدۇ.
ئاندىن باشلىق قېلىپقا
(ئىش ) تارتىلىدۇ. ئىش
تارتقاندا، باشلىقنىڭ ھەممە
تەرەپلىرىنى تەكشى
بېسىپ، قېلىپقا چىڭ
چاپلاش كېرەك، كۆپۈپ





چىقىقان ياكى تۇرۇلۇپ قالغان جايلار بولسا بولمايدۇ.

6) باشلىقنىڭ ئىچ چەمىگە چاپلىنىدىغان چۆرىسىگە يېلىمنى تازا سۇركەپ، تارتما ئامبۇر بىلەن ھەممە تەرىپى تەكشى تارتىلىپ ئىستەلكىگە چاپلىنىدۇ، كالتە مىخ بىلەن زىچ قىلىپ مىخلىنىدۇ. بىر كۈن ئەتراپىدا قېلىپتا تۇرغۇزۇلىدۇ. بىر كۈندىن كېيىن زىچ قېقىلغان مىخلار يۇلۇۋېتىلىپ، تاش چەم چاپلاشقا تەق قىلىپ قويۇلىدۇ.

7) تاشقى چەم بۇرەندە بىلەن ئاياغ چەمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن كېسىۋېلىنىپ، سۇغا



چىلاپ تۇزلىنىدۇ، بولقا بىلەن ئۇرۇپ چىڭدىلىدۇ. بۇنىڭدا چەمنىڭ يېپىشىشچانلىقىنى ئاشۇرغىلى، تەكشى بولمىغان جايلىرىنى تەكشىلىگىلى بولىدۇ. چەم قۇرۇغاندىن كېيىن، چەمنىڭ ئىچكى تەرىپىگە شىلىم سۇركىلىپ، ئىچ چەمگە چاپلاپ، ئۇششاق مىخ بىلەن زىچ قىلىپ مىخلىنىدۇ. ئارتۇق چىقىپ قالغان جايلىرى بەلچە بىلەن كېسىپ تەكشىلىنىدۇ. بەلچىنىڭ خۇرۇمغا تېگىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كىچىك دائىرىدىكى ئارتۇقچە جايلارنى كەسكەن-

ده، بەلچە تىغىغا قومۇش قەلەمنى تىرەپ تۇرۇپ كېسىلىدۇ.

8) چەم پاشنىلىق ئاياغنىڭ پاشنىسى بىر قانچە قەۋەت چەمنى بىر ـ





بىرىگە چاپلاش ئارقىلىق يا- سىلىدۇ. ئاياغنىڭ پاشنا تە- رىپىگە چەم چاپلاشتىن بۇرۇن، چەمدىن بىر ئىلىك كەڭلىكتە تاسما كېسىۋېلى- نىپ، بىر تەرىپى شىلىپ يانتۇ ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ، پاشنا ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ مىخلىنىدۇ. بۇنداقتا پاشنى- نىڭ چۆرىسى ئېگىز، ئوتتۇ- رىسى ئويمان ھالەت شەكىل- لىنىدۇ. بىر قانچە قەۋەت چەمنى ئۈستىلەپ مىخلىغان ھالەتتىمۇ ئوتتۇرىسى دۆڭ چىقىپ قالمايدۇ، پاشنىنىڭ تەكشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنغىلى بولىدۇ. ھەر بىر قەۋەت پاشنا چەمنىڭ ئارى- سىغا يېلىم سۈركىلىدۇ.

چاپلىما ئاياغلارنىڭ چەمى پۈتۈن قۇيما ھالەتتە كېلىدۇ، باشلىقنى قې- لىپقا تارتىپ بولغاندىن كېيىن، قېلىپ ئاياغ ئىچىدە بىر كۈن تۇرۇپ،

ئاياغ شەكلى قېتىپ مۇقىملاشقاندىن كېيىن، قويما چەم ئىچ چەمگە يېلىم ئارقىلىق چاپلىنىدۇ. چىگداش ماشىنىسىدا چەمنىڭ ئالدى تەرىپى ۋە پاشنا



تەرىپى چىگدىلىپ، تېخىمۇ چىڭ يې- پىشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن قېلىپ تارتىش ئەلمىكى بىلەن تارتىپ چى- قىرىۋېتىلىدۇ.

9) چەمنىڭ ئالدى تەرىپى ۋە پاشنىسىغا يۇزلۇك چاپلىنىدۇ. يۇزلۇك رېزىنكىدىن ئىشلىنىدۇ، ئۇ چەمنى ئۇپراشتىن، تېيىلىشتىن ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ. يۇزلۇك چاپلاشتىن ئىلگىرى يۇزلۇكنىڭ چەمگە چاپلىنىدىغان تەرىپى ۋە چەمنىڭ يۇزلۇك چاپلىنىدىغان تەرىپى قۇم چاقتا سېلىنىپ سىلىقلىنىدۇ. ئىلگىرى قۇم چاق ئىشلىتىلمەستە، موزدوزلار قۇم قەغەز ئىشلىتەتتى. ئاخى- رىدا تازىلاش سۇيۇق- لۇقى ئارقىلىق يۇز- لۇكتىكى قالدۇق نەرسىلەر تازىلاپ چىقىرىۋېتىلىدۇ.



10 ) چەمنىڭ يەنە ئارتۇق چىقىپ قالغان جايلىرى ۋە كىرپىكىنى كىر-پىكچە ئارقىلىق قىرىپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، چەم گىرۋىكى قوم چاقچا سېلىنىپ سىلىقلاپ، تەكشىلەپ، پەرداز قىلىنىدۇ. بۇرۇن پەرداز كالتىكى دەيدىغان بىر خىل سايمان بىلەن پەردازلايتتى. ھازىر قوم چاقچا سېلىپ ياكى قوم قەغەز سۈركەپلا پەرداز قىلىنىدۇ. ئاندىن قارا سىر بىلەن تەكشى سىرلىنىدۇ. ئېچىگە پېتەك چاپلىنىدۇ.





مەسنى تىكىش ئىش تەرتىپى:

مەسە ـــ خۇرۇم، چىگرىن قاتارلىقلار-دىن ئۈزۈن، كالتە قونچلۇق قىلىپ، يۇمشاق چەملىك، كەش ياكى كالاچنىڭ ئېچىگە كىيىشكە باب قىلىپ تىكىل-گەن بىر خىل مىل-لىيچە ئاياغ كىيىد-مى. « خۇرۇم پايپاق » دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئە-رەنچە، ئايالچە دەپ ئايرىلىپ، نۇسخا جە







هەتتىن پەرقلىنىدۇ.

1) ئالدى بىلەن خېرىدارنى بىر پارچە قەغەزگە دەسسىتىپ، قەلەم بىلەن پۇت شەكلى قەغەزگە چۈشۈرۈۋېلىنىدۇ.



2) پۇتىنىڭ تاپاندىن پاچاققىچە بولغان ئېگىزلىكى ۋە پاچاقنىڭ ئايلانمىسى ئۆلچىنىپ، مەسىنىڭ قونچىنىڭ ئېگىزلىكى بەلگىلىنىدۇ.



3) ئاندىن تەييار ئەندىزە بويىچە مەسىنىڭ باشلىقى پىچىلىدۇ. مەسىنىڭ باشلىقى ئوڭ باشلىق، سول باشلىق ۋە چەمدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىنلا تەركىب تاپىدۇ.



4) ئالدى بىلەن ئوڭ، سول

باشلىقلارنىڭ ماس قىسىملىرى تەتۈرسىگە ئۆرۈلۈپ بىر - بىرىگە ماشىنا ئارقىلىق ( ياكى قولدا يىپ - يىڭنە ئارقىلىق ) چېتىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق مەسىنىڭ قونچى ۋە باشلىقى پۈتىدۇ.

5 ) ئاندىن مەسىنىڭ چەم تەرپى باشلىققا چېتىلىدۇ، مەسىنىڭ يان تەرپىگە سىيرىتما ئورنىتىلىدۇ. تىكىشلىرىگە باستۇرۇق ئېلىنىدۇ.

6 ) مەسە قېلىپقا ئېلىنمايدۇ، باشقا خىلدىكى ئۆتۈكلەرگە ئوخشاش قاتۇرما سېلىنمايدۇ. ئاخىرىدا ئېھتىيات بىلەن تەتۈر ئۆرۈلۈپ، ھەر قايسى قىسىملىرى بوش تارتىش ئارقىلىق ئوڭشىلىپ، رەسمىي مەسە ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

مەسە تەبىئىي خۇرۇمدىن تىكىلىدىغان بولغاچقا، پۈتنى ئىسسىق تۇتۇش، ھەر خىل پۇت ئاغرىقلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولى بار ھەم ئىنتايىن راھەت. بۇنى ئادەتتە ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياشانغان ئەرلەر، ئاياللار كۆپرەك كىيىدۇ.



# ياماقچىلىق

ياماقچىلىقمۇ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى موزدوزلۇقىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئاياغ كىيىمنىڭ يىرتىلغان، بۇزۇلغان جايلىرىنى رېمونت قىلىش، ئوڭشاش، تۈرلۈك ئاياغلارنىڭ چەملىرىنى ئالماشتۇرۇش، پاشنىسىنى ئېگىزلىتىش ۋە پەسلىتىشنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلغان. ھازىر ياماقچىلارنىڭ ئىش دائىرىسى كېڭىيىپ، ھەر خىل خۇرۇم سومكىلارنىڭ ئۈزۈلگەن بېغىنى ئۇلاش، يىرتىلغان جايلىرىنى ياماش، بۇزۇلغان سىيرىتمىسىنى ئالماشتۇرۇش، خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن تۈرلۈك كىيىم - كېچەكلەرنىڭ رېمونت ھاجىتىدىن چىقىش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ قىلىدىغان بولدى.

## 1. ياماقچىلىق قورال - سايمانلىرى

ياماقچىلىقتا ئاياغ تىكىش سايمانلىرىدىن بىگىز، ئىلمەك بىگىز، بەلچە، قايچا، كەسمە ئامبۇر، بولقا، تۆمۈر مىخ، ياغاچ مىخ، يىپ قاتارلىق قورال - سايمانلاردىن باشقا يەنە ئاياغ تىكىش ماشىنىسى، چەملىك، نال، ھەرە، موزدوز قېلىپى، پىستان، سىيرىتما، سۈمبە، چوپسا، شىلىم قاتارلىق قورال - سايمانلار كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

1) ئاياغ رېمونت قىلىش ماشىنىسى: بۇرۇن ئاياغ كىيىمنىڭ يىرتىلغان جايلىرى يىپ - يىڭنە ئارقىلىق تىكىلەتتى. ھازىر ئاياغ رېمونت قىلىدىغان تىكىش ماشىنىسى ( ئاياغ تىكىش ماشىنىسىدىن پەرقلىنىدۇ ) بىلەن تىكىلىدۇ. بۇ بىر خىل تۆمۈردىن ئىشلەنگەن تىكىش ماشىنىسى بولۇپ،



قول بىلەن چۆرۈلىدۇ، يەرگە قويۇلىدىغان ئۈچ دانە تۆمۈر تەگلىكى بولىدۇ، يۆتكەش ۋە ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك. خۇرۇم قويۇلىدىغان تەگلىكىدە ئاستى يىپ سېلىنىدىغان ئويۇقچە بولۇپ، بۇ ئويۇقچىنىڭ ئىچىدە كىرتىك بار، كىرتىكنىڭ ئىچىگە موكا ئوقۇرى، ئوقۇر ئىچىگە موكا سېلىنىدۇ، ئاستى يىپ موكىغا ئورۇلىدۇ. خۇرۇمنىڭ ئۈستى يىپ-گە نىلون يىپ ئىشلىتىلىدۇ.

2 ) نال: ئۈيغۇرلار بۇرۇندىن ئۆتۈك، بەتىنكىلەرنىڭ پاشنىسى ۋە كالتە چەمگە نال قاقتۇرۇپ كىيەتتى. نال ئاياغنىڭ شۇ قىسىملىرىنىڭ ئۇپرىشى-نىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. نال كۆپىنچە ھاللاردا تاقا شەكلىدە، يېرىم ئاي شەكلى-دە قەلەي ياكى تۆمۈردىن سوقۇلىدۇ. ھازىر رېزىنكە نال كۆپرەك ئىشلىتىلى-دۇ. نال ــ قاقما نال، چاپلىما نال، قاپلىما نال قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ. قاقما نال ئادەتتە تۆمۈردىن ياسىلىدۇ، چوڭ، كىچىك دەپ ئايرىلىدۇ. پاشنا ياكى ئاياغ ئۇچىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ چوڭ نال ياكى كىچىك نال ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ پاشنى-سىغا قېقىلىدىغان تەرىپىدە ئۈچ تال قويما ئۇچى، يۈزىدە مىخ قاقىدىغان بىر نەچچە تۆ-شۈكى بولىدۇ، ئالدى بىلەن بولقا بىلەن قويما ئۇچلارنى قېقىپ نالنىڭ ئورنىنى مۇقىم-



لىنىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن نال يۈزىدىكى تۆشۈكلەرگە مىخ قېقىش ئارقىلىق، نال تېخىمۇ چىڭىتىلىدۇ؛ چاپلىما نال ئادەتتە رېزىنكە، كاۋچوكتىن ياسىلىدۇ، ئۇلارنىڭ پاشنىسىغا چاپلىنىدىغان يۈزىگە شىلىم سۈركەپ، پاشنىغا چاپلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئېھتىياجغا ئاساسەن بىر نەچچە تال مىخ قېقىپ قويۇلىدۇ؛ قاپلىما نال كۆپىنچە ئاياللارنىڭ ئۇچلۇق پاشنىلىق ئاياغلىرىغا قاپلاپ قويۇلىدۇ، ئىش تەرتىپى ئاددىي ھەم تېز.

3 ) مىخ: ياماقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر مىخ ئادەتتە ئۇچ قىرلىق، ئۇچلۇق، باش قىسمى كەڭرەك كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقىمۇ ئىشلىتىش ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن 5 ـ 30 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ؛ ياغاچ مىخ ( شىنا ) نى ئادەتتە ياماقچىلار ئۆزلىرى تۈرلۈك ياغاچلاردىن ياسىۋالىدۇ. ئايالچە ئاياغلارنىڭ پاشنىسىنىڭ ئىچى كاۋاك كېلىدىغان بولغاچقا، ئاۋۋال ئىچىگە ياغاچ مىخ ( شىنا ) قېقىپ تولدۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن تۆمۈر مىخ بىلەن نال قېقىلىدۇ.



4) ھەرە: ياماقچىلىقتا ئادەتتە كىچىك چىشلىق ھەرە ئىشلىتىلىدۇ. ھەرە ئاياغلارنىڭ تۈرلۈك پاشنىلىرىنى كېسىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

5 ) چوپسا: چوپسا بىر تال ياغاچقا كىچىك ھەرە چىشى چىقىرىلغان قەلەي ياكى مىسنى زىچ قىلىپ چىڭ يۆگەش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ رولى قۇم چاقنىڭ رولى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، كالتە چەم ياكى پاشنا چاپلىنىدىغان چەملەرنىڭ يۈزىنى يىرىكلىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.



ھەرە



چوپسا



موزدۇز قېلىپى

6 ) چەملەك: چەملەك چەمى يىرتىلغان، تېشىلگەن ئاياغلارنىڭ چەمىگە چاپلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە چوڭ پارچە ھالەتتە كېلىدۇ، ياماقچىلار ئېھتىياجىغا ئاساسەن بەلچە بىلەن كېسىپ ئىشلىتىدۇ.

7 ) موزدۇز قېلىپى: موزدۇز قېلىپى ئاياغنىڭ ئۇچى شەكلىدە ياغاچتىن چېپىپ ياسىلىدىغان بىر خىل قورال بولۇپ، ئۇچى ئۇزۇن ئاياغلارنى قىسقارتىشتا قېلىپ رولىنى ئوينايدۇ.

8 ) پىستان: پىستان ئاياغلارنىڭ بوغقۇچى ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆزگە قاپلىنىدىغان بىر خىل مېتال بۇيۇم. بۇ خىل پىستان ئادەتتە كۆپرەك چۈشۈپ قالىدىغان ياكى ئورنىدىن ئاجراپ كېتىدىغان بولغاچقا، ياماقچىلىقتا بۇ خىل بۇيۇم كەم بولسا بولمايدۇ.

9 ) سىيرىتما، سىيرىتما قۇلىقى: ھازىر نۇرغۇن ئاياغ ۋە سومكىلارغا سىيرىتما ئىشلىتىلىدۇ. سىيرىتما ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇش بىلەن بىرگە سىيرىتمىنىڭ چىشلىرى تۆكۈلۈپ كېتىدىغان ياكى سىيرىتما قۇلىقى بۇزۇلۇپ قالىدىغان ئىشلار كۆپرەك ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇلارمۇ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ياماقچىلىق قورالى ھېسابلىنىدۇ. ئاياغ كىيىم ياكى سومكىنىڭ سىيرىتمىسىنى ئالماشتۇرۇشتا، بەلچە بىلەن سىيرىتمىنىڭ تىكىشىنى ئېھتىيات بىلەن كېسىپ ئېلىۋېتىپ، بۇزۇلغان سىيرىتمىنى ئېلىۋەتكەن-





دىن كېيىن، يېڭى سېرىتمىنى ئېھتىياجغا ئاساسەن كېسىۋېلىپ، بۇرۇن-قى تىكىشى بويىچە سىپتا تىكىپ قويۇلىدۇ.

10) سۇمبە: سۇمبە تۆمۈردىن ھەر خىل ئۆلچەملەردە ئىشلىنىدىغان بىر خىل ئەسۋاب بولۇپ، پىستان تۆشۈكى، تۇگمە تۆشۈكى ئېچىش، پىستان يان-دۇرۇش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

11) شىلىم: شىلىم ياماقچىلىقتا كۆپ ئىشلىتىدىغان بىر خىل قورال بولۇپ، تۇرلۇك چەم، پاشنىلارنى چاپلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا تېز، مەھكەم تۇتىدىغان بولۇش تەلپى قويۇلىدۇ.

## 2. ئاياغ كىيىملىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان كاشىلىلار ۋە ئۇنى ئوڭشاش

1) ئەگەر ئاياغنىڭ باشلىق خورۇمى يىرتىلغان، يېرىلغان بولسا، ئاياغ-نىڭ ئىچىدىن ياماق سېلىپ، سىرتىدىن سىپتا قىلىپ تىكىلىدۇ.

ئەگەر ئاياغنىڭ چەمى يىرتىلغان، تېشىلگەن بولسا، تەييار چەملىكتىن كالتە چەملىك كېسىپ، شىلىم بىلە چاپلاپ، ئاندىن قىسقا مىخ بىلەن مىخ-لىنىدۇ، مىخنىڭ ئۇچى دۈپىي ئارقىلىق ياندۇرۇلىدۇ.

2) ئەگەر ئاياغنىڭ باشلىقنىڭ چەم ياكى پاشنا تۇتاشقان جايىدىكى باشلىق خورۇمى ئاجراپ كەتكەن بولسا، بەلچە بىلەن چەمنىڭ گىرۋىكىگە يېقىن جاي ياكى پاشنىنىڭ يان تەرىپىنى ئاجرالغان ئۇزۇنلۇقتا قاراپ كېسىپ، ئاندىن ئىلمەك بىگىز ۋە پاختا يىپ ئارقىلىق باشلىق چەمگە قايتا تىكىلىدۇ. يىپ مومغا سۇركىلىدۇ. تىكىلگەن يىپ كېسىلگەن يېرىققا كىر-گۈزۈۋېتىلىدۇ.

3) ئەگەر ئاياغ باشلىقنىڭ چەم ياكى پاشنا بىلەن تۇتاشقان جايىدىكى

خۇرۇمى يىرتىلغان بولسا، ئالدى بىلەن يىرتىلغان جايغا ئاياغنىڭ ئىچىدىن ياماق سېلىنىپ، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە سېلىنغان ياماق چەم ياكى پاشنىغا قايتىدىن تىكىلىدۇ.



ياماقچىلار

## 3. موزدۇزلۇقنىڭ بازار ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالى

موزدۇزلۇق مەبلەغ ئاز كېتىش، ئۈنۈمى تېز بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش شەكلى جانلىق، ئۆزگىرىشچان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئادەم بۇ دۇنيادا ياشىغانىكەن، ئاياغقا بولغان ئېھتىياجى ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، بەلكى تېخىمۇ ياخشى، سۈپەتلىك ئاياغلارنى كىيىگۈسى كېلىدۇ. ئاياغ كىشىلەر تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا ئايرىلالمايدىغان مۇھىم لازىمەتلىك بولۇپ، كىيىم - كېچەككە ئوخشاشلا مۇھىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قېپقالغان تۇرلۇك ئەنئەنىۋى ھۈنەر - كەسىپلىرىمىزنى ساقلاش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ھەر بىرىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى. نۆۋەتتە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر سودا - تىجارەت، ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىدى، ئائىلىسىنىڭ ئىق-



تىسادىي ئەھۋالى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى.

كونىلاردا «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەن ماقال بار. موزدوزلۇقنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆزىگە ئۇلۇغ مەقسەت، ئىزگۇ نىيەت قىلغان ھەر بىر كىشى ئۈچۈن موزدۇزلۇق ھەرگىزمۇ قىيىن ھەم مۇرەككەپ ھۇنەر ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنئەنىۋى موزدوزلۇق ھۇنەر ـ سەنئىتىنى پىششىق بىلىدىغان ئۇستىلار بارغانسېرى ئازلاپ، ئەنئەنىۋى موزدوزلۇقىمىز نۆۋەتتە ئىلغار پەن ـ تېخنىكا ئالدىدا پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ھۇنەر ـ سەنئەتنى يېڭىلاش، ئىسلاھ قىلىش خاتا ئەمەس، لېكىن ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قېلىشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە موزدوزلۇق قانداقتۇر نومۇس قىلىدىغان كەسىپ ئەمەس، بەلكى بۇرۇنقى زامانلاردا موزدوزلۇق «پادىشاھ موزدوزغا قىزىنى بېرىدۇ» دەپ تەرىپلىنىدىغان ئەتىۋارلىق كەسىپ بولغان.

ھازىر بازاردا داڭلىق ماركىلىق ئاياغلار ناھايىتى نۇرغۇن، لېكىن زور كۆپچىلىكىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئىشلەپچىقىرىلغان داڭلىق ماركىلىق ئاياغلار ئىگىلەيدۇ. رايونىمىزدا ئاياغقا ماركا قويۇپ ساتقان كارخانا ۋە شىركەتلەر ساناقلىقلا. لېكىن ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەردە مەخسۇس ئاياغچىلىق كارخانىلىرى قۇرۇپ، ھېچقانداق ماركا ـ ئاتاقسىز ھالدا تىجارەت قىلىۋاتقان كارخانىچىلىرىمىز، ئۇستىلىرىمىز خېلى بار. كىشىلەرنىڭ ماركا ئېڭى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كارخانىچىلار ۋە ئۇستىلىرىمىز گۈل قوللىرىدىن چىققان سۈپەتلىك، كۆركەم ئاياغلىرىغا نام قويۇپ، تاۋار ماركىسىنى رويخەتكە ئالدۇرۇپ، قانۇنلۇق ھالدا بازارغا سالسا، خەلقىمىز چوقۇم ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ياقتۇرۇپ سېتىۋالىدۇ. مانا مۇشۇنداق





تىجارەت يولىنى تۇتقاندا، مەھسۇلاتنى پۇتكۇل رايونىمىز ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە، دۇنياغا تونۇتۇشىمىزدا گەپ يوق. شۇڭا، موزدۇزلۇق كەسپى ۋە موزدۇزلۇق كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە.

## كىچىك ساۋاتلار

1 ) خۇرۇم ئاياغقا لاي چاچراپ كەتكەندە...

خۇرۇم ئاياغقا لاي چاچراپ كەتكەندە، لاينى كۆچەپ سويۇشقا بولمايدۇ، كۆچەپ چوتكىلاپ چىقىرىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، لاينى چىقىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، خۇرۇم زەخىملىنىدۇ. مۇبادا ئامال بولمىسا، ئاۋۋال سۇ ئارقىلىق لاينى ھۆلدەپ، ئاندىن نەم لاتا بىلەن سۇرتۇپ چىقىرىۋېتىش، ئاندىن ئاياغنى سالقىن، شامالىلىق جايدا قۇرۇتۇش كېرەك. ئۇنىڭ پارقىراقلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىككى كۈندە بىر قېتىم ئادەتتىكى مايلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق مايلاپ بەرسە، ئاياغ يېڭىۋاشتىن پارقىرايدۇ.

2 ) ئۆتۈكنى تازىلاش ئۇسۇلى:

ئۆتۈك تەرنىڭ يىغىلىپ قېلىشى تۈپەيلىدىن ئوڭايلا كۆكىرىپ ياكى كىرلىشىپ كېتىدۇ. ئادەتتە ئۆتۈكنىڭ سىرتىدىكى ئاق پاراشوكسىمان داغلار تەردىكى تۇز تەركىبىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئۆتۈك يامغۇر سۈيىدە ھۆل بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا ئوڭايلا ئاق داغلار پەيدا بولىدۇ. بۇ داغلارنى قۇرۇق لاتا بىلەن ئىنچىكىلەپ سۇرتكەندىن كېيىن، تازىلاش دورىسى بىلەن بىر قېتىم سۇرتۇش كېرەك. ئەگەر ئۆتۈكتە نەملىك بولسا، ئۆتۈكنى سالقىن ۋە شامالىلىق جايدا قۇرۇتۇش كېرەك. ئۆتۈكنىڭ سىرتقى يۈزىگە كىر چىقىرىش سۇيۇقلۇقى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.



تەبىئىي خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن ئۆتۈك پەردازلىنىدىغان، ئاسرىلىدىغان بىر خىل ئاياغ كىيىمى. ئەمما ئۇنىڭ كىرلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشقا قارىغاندا چاڭ ـ توزان قونۇشتىن ساقلىنىش مۇھىمراق. ئۆتۈكنىڭ پۇت تو- رىدىغان قىسمىغا چاڭ ـ توزان يىغىلىپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، كۆپىنچە ئۆ- تۈكنىڭ ئاشۇ قىسمى ئاسان يىرتىلىدۇ.

ئۆتۈكنى دائىم مايلاپ تۇرۇش كېرەك. لېكىن، ئاياغ مېيى ئۆتۈككە بىۋا- سىتە سۈرتۈلسە، چاڭ ـ توزان ئۇنىڭغا قونىدۇ، شۇڭا ئالدى بىلەن ئاياغ مېيى- نى لاتىغا تەكشى سۈرتكەندىن كېيىن، ئاندىن لاتا بىلەن ئۆتۈكنى مايلاش كېرەك. ئەگەر ئۆتۈككە كىر چىقىرىدىغان سۇيۇقلۇق ئىشلىتىلسە، ئۇ كىرنى چىقىرىش بىلەن بىللە ئۆتۈكنىڭ بويىقىنىمۇ چىقىرىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۆتۈككە تازىلاش سۇيۇقلۇقى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

3 ) ئەيلەنگەن تېرىدىن ۋە سىرلانغان خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن بەتىنكىنىڭ سىرتقى يۈزىنى ئاسراشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

ئەيلەنگەن تېرىدىن ئىشلەنگەن بەتىنكىنى ئاسراش ئۈچۈن مەخسۇس چوتكا ئىشلىتىش، موينىڭ تەتۈر يۆنىلىشى بويىچە ئۈزلۈكسىز ھالدا يېنىك چوتكىلاش كېرەك، بۇنداق چوتكىلانسا ئۇنىڭ تۈكى كۆتۈرۈلىدۇ. ئاۋۋال چاڭ ـ توزاننى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن تېرىدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى تازىلاشتا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان رېزىنكە بىلەن كىر جايىنى سۈرتۈش كېرەك. ئەگەر خۇرۇمنىڭ رەڭگى بارا ـ بارا سۇسلىشىپ كەتسە، تېرە بوياشقا ئىشلىتىلىدىغان تۈمانسىمان سىياھنى پۈركىسە، ئۇنىڭ رەڭ ئالىدۇ.

4 ) سىرلانغان خۇرۇمدىن تىكىلگەن بەتىنكىنىڭ كىرىنى يۇمشاق لاتا ئارقىلىقلا چىقارغىلى بولىدۇ. ئەگەر كىر قېتىپ كەتسە خۇرۇمنى ئۇنىڭ



يېرىۋېتىدۇ. شۇڭا سىرلانغان خۇرۇم مەھسۇلاتلىرىنى مايلاشتا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ماي بىلەن مايلاش ئارقىلىق خۇرۇمنى ئاسراش كېرەك.

5 ) بىرىكمە خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى:

بىرىكمە خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ كىرىنى چىقىرىش ئۇسۇلى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، سۇ ۋە نېيتراللىق يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ئىشلەتىلسىلا كۇپايە. بىرىكمە خۇرۇمنىڭ سىرتىغا سىمولا ( دەرەخ يېلىمى ) سۈرتۈلگەنلىكتىن، ئەگەر ھەممە قىسمى سۇ بىلەن يۇيۇلسا، ئىچى ئوڭاي قۇرۇمايدۇ. شۇڭا نېيتراللىق يۇيۇش سۇيۇقلۇقى بىلەن بىرىكمە خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتنىڭ سىرتى سۈرتۈلىدۇ، ئاندىن سۇيى سىقىۋېتىلگەن لاتا بىلەن 2 ـ 3 قېتىم سۈرتۈلسىلا بولىدۇ.

6 ) ئاق بەتىنكىنى تازىلىغاندا...

بەتىنكىدىكى كىرنى سۈرتۈپ چىقارغاندا، ئاۋۋال خۇرۇمنى تازىلاشتا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان تازىلاش دورىسىنى يۇمشاق لاتىغا تېمىتىپ سۈرتۈش، ئاندىن پارقىرىتىش مېيى (خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىتىلىدۇ) سۈرۈلگەن يۇمشاق لاتا بىلەن سۈرتۈلىدۇ. بەتىنكىنىڭ سىرتىدىكى كىرنى تازىلىغاندا، بەتىنكىنىڭ ئىچىنىمۇ تازىلاش دورىسى بىلەن بىر قېتىم سۈرتۈش كېرەك. ھۆللۈكنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن، بەتىنكىنى سالقىن جايدا يېرىم كۈن تۇرغۇزۇپ قۇرۇتۇش، بەتىنكە شەكلىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىچىگە قەغەز تىقىپ قويۇش كېرەك.



## 【قوشۇمچە】

### موزدوزلۇققا ئائىت بىر قىسىم ئاتالغۇلار

| | |
|---|---|
| 鞋 | ئاياغ |
| 靴 | ئۆتۈك |
| 男鞋 | ئەرنچە ئاياغ |
| 女鞋 | ئايالچە ئاياغ |
| 童鞋 | بالىلار ئايىغى |
| 凉鞋 | يازلىق ئاياغ |
| 棉鞋 | قىشلىق ئاياغ |
| 棉靴 | قىشلىق ئۆتۈك |
| 布面鞋 | لاتا ئاياغ |
| 皮面鞋 | خۇرۇم ئاياغ |
| 胶面鞋 | سۇلياۋ ئاياغ |
| 军用鞋 | ھەربىيچە ئاياغ |
| 运动鞋 | تەنھەرىكەت ئايىغى |
| 球鞋 | توپ ئايىغى |
| 舞鞋 | ئۇسسۇل ئايىغى |
| 劳保鞋 | ئەمگەك ئايىغى |
| 线缝鞋 | تىكمە ئاياغ |
| 胶黏鞋 | چاپلىما ئاياغ |
| 鞋帮 | ئاياغ باشلىقى |
| 鞋底 | ئاياغ چەمى |

| | |
|---|---|
| 鞋中底 | ئىستەلكە |
| 鞋内底(鞋垫) | ئاياغ پېتىكى |
| 鞋帮里 | ئەستەر |
| 外底 | تاشقى چەم |
| 袼褙 | قاتۇرما |
| 鞋跟 | پاشنا |
| 松紧布 | سوزۇلغۇچ |
| 鞋舌 | ئاياغ تىلى |
| 提带皮 | پاشنا تاسمىسى |
| 保险皮 | باستۇرۇق |
| 鞋带 | ئاياغ بوغقۇچى |
| 前帮 | ئالدى باشلىق |
| 后帮 | كەينى باشلىق |
| 裁断 | كەسمەك |
| 天然皮革 | تەبىئىي خۇرۇم |
| 人造皮革 | سۈنئىي خۇرۇم |
| 合成革 | بىرىكمە خۇرۇم |
| 天然皮革鞋底 | تەبىئىي چەملىك |
| 橡胶鞋底 | رېزىنكە چەملىك |
| 塑料底 | سۇلياۋ چەملىك |
| 人造底革 | سۈنئىي چەملىك |
| 再生革 | ھاسىلىي چەم |
| 纸板革 | قەغەز چەم |
| 胶贴剂 | يېلىم (شىلىم) |
| 缝纫线 | تىكىش يىپى |
| 水银笔 | سىماب قەلەم |



| | |
|---|---|
| 剪刀 | قايچا |
| 垫板 | تەگلىك تاختاي |
| 裁断机 | كېسىش ماشىنىسى |
| 套划 | كىرىشتۇرۇپ سىزىش |
| 毛皮 | تېرە |
| 缝机 | تىكىش ماشىنىسى |
| 机针 | تىكىش يىڭنىسى |
| 削边机 | شىلىش ماشىنىسى |
| 压合机 | چىڭداش ماشىنىسى |
| 鞋楦 | ئاياغ قېلىپى |
| 样板 | ئەندىزە |
| 锥子 | بىگىز ( دەرەش ) |
| 钩锥 | ئىلمەك بىگىز |
| 拔钉钳 | كەسمە (پاخمۇۋاش) ئامبۇر |
| 鸟嘴钳 | تارتما ئامبۇر |
| 锤子 | بولقا |
| 片皮刀 | بەلچە |
| 打磨机 | قۇم چاق |
| 鞋刷 | ئاياغ چوتكىسى |
| 补鞋机 | ئاياغ رېمونت قىلىش ماشىنىسى |
| 针 | يىڭنە |

هۈنەر ـ تېخنىكا ئۆگىنىش رىسالىسى

# موزدوزلۇق

---

**تۈزگۈچى:** پەتتارجان مۇھەممەد ئەرقۇت

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** پەرىدە ئەمىن

**مەسئۇل كوررېكتورى:** رەناگۈل ئابلىمىت

**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**تېلېفون:** 0991-2827472

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

**پوچتا نومۇرى:** 830001

**باسقۇچى:** شىنجاڭ يىلوڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32

**باسما تاۋىقى:** 3.125

**نەشرى:** 2007 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**باسمىسى:** 2007 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**تىرازى:** 1 ـــ 5000

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 11123 - 7

**باھاسى:** 10.50 يۈەن

---

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

ISBN 978-7-228-11123-7

9 787228 111237 >

定价：10.50 元